باتۇر داۋۇت قۇربغار

# يىغلاڭغۇ تاشپاقا



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

باتۇر داۋۇت قۇرىغار

# يىغلاڭغۇ تاشپاقا

(چاتما چۆچەك)



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: كامىلە راخمان
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلدار مۇھەممەد
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇراددىل ئابىت

# يىغلاڭغۇ تاشپاقا

(چاتما چۆچەك)

ئاپتورى: باتۇر داۋۇت قۇرىغار

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 4.125
2011 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىلى 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5371 - 9855 - 4
سانى: 1 - 3000
باھاسى: 15.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە




قارلىق مەشرىپىدىكى مېھمان ........................ 1
قوزىنىڭ سوۋغىسى ........................ 7
ئورماندا نورۇز ........................ 15
كۆچەت ئۆستۈرۈش ماھىرى ........................ 19
ياردەمچى ئىزدەش ........................ 26
قىرغاۋۇلنىڭ قۇيرۇقى ........................ 33
سۆۋەرەكنىڭ مېڭىسى ........................ 36
تىمساھنىڭ دوستى ........................ 41
ئاجايىپ يېمەكلىك ........................ 48
ئانا ـ بالا كاككۇكلار ........................ 53
جاپاكەش ئانا ........................ 60
كۆكتاتقا ئامراق «ئوغرى» ........................ 67
كېچىدىكى ئالۋاستى ........................ 75
يىغلاڭغۇ تاشپاقا ........................ 87
مېدۇزىنىڭ قۇلىقى ........................ 95
خەتەرلىك دېڭىز سەپىرى ........................ 103








# قارلىق مەشرەپتىكى مېھمان

ــ ۋاھ، نېمىدېگەن ياخشى، ــ تاغىل ئاسلان دېرىزىنى ئېچىپ خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋەتتى. پوتكول كائىنات خاسىيەتلىك تونجى قارنىڭ سېھرى بىلەن بىر كېچىدىلا ئاپپاق لىباسقا پۈركەنگەنىدى. ئۇ ئەمدى دوستلىرى بىلەن قارلىق مەشرەپنى ئويناپ خاسىيەتلىك قارنى قۇتلۇقلايدۇ، تونجى قارنىڭ ھوزۇرىنى سۈرىدۇ.

تاغىل ئاسلاننىڭ ئۆيىگە سېرىق تومشۇق ئۆردەك چوجىسى، ئوزۇن توكلۇك كوچۈك، كەپسىز مايمۇن، مۇلايىم قوزا، شوخ ئوغلاقجان، قارا كۆز بوغا قاتارلىق دوستلىرى بىردەمدىلا يىغىلدى.

ــ «قارلىقنامە»نى مەن يازاي، ــ دېدى قوزا.

«قارلىقنامە»

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
يېڭى قارنىڭ خوشلۇقىدا،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.

قارلىق ئاپارغان كىشنى،
ھەم بىلەن تېز تۇتسىلا.
يۈزلىرىگە قارا سۈركەپ،
ئالدىمىزغا كەلسىلا.

دەپ ئاخىرلاشقانىدى.

بۇلار ئەسلىدە قىش كىرىشتىن ئىلگىرىلا «قارلىق»نى دوختۇر پىلىنىڭ ئۆيىگە تاشلاشنى نىشانلاپ قويغانىدى.

— «قارلىق»نى مەن ئاپىراي، — دېدى كەپسىز مايمۇن.

كۆپچىلىك: «مايمۇن، ئادەتتىمۇ خېلى چاققان. ئۇ ‹قارلىق›نى تاشلاپ تۇتۇلۇپ قالماي كېلەلەيدۇ» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ بېرىشىغا قوشۇلدى ۋە ئېھتىيات قىلىشنى قايتا - قايتا جېكىلىدى.

مايمۇن پىلىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇ ھويلىدىكى قارنى تازىلاپ بولغانىدى، ياز كۈنلىرى رەڭمۇرەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈللۈكتە قار دۆۋىلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى.

پىل مايمۇننى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇنى مېھمانخانىغا باشلاپ، قىزىلگۈل بەرگى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان چاي قويدى. مايمۇن پاراڭلاشقاچ ئەپچىللىك بىلەن «قارلىق»نى داستىخانىنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ قويدى، ئاندىن زۆرۈر ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھويلىدىن چىقىپ پىل بىلەن خوشلاشتى - دە، «داستىخانىنىڭ ئاستىغا ‹قارلىق› قويۇپ قويدۇم»

دەپلا قاچتى. ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان پىل تۆتلا سەكرەپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇزۇن خارتومى بىلەن بېلىدىن يۆگەپلا تۇتۇۋالدى. تۇنجى قار ياققان كۈنى ھەرقانداق كىشى ئۆيىگە كەلگەن مېھمانىنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ، پىل بەستى يوغان، كالامپاي كۆرۈنگىنى بىلەن ھەرىكىتى چاققاندى.

پىل مايمۇننىڭ يۈزىگە قارا سۈركەپ، جۇۋىنى تەتۈر كىيدۈرۈپ، مەھەللىنى ئايلاندۇرغاچ، ئۇنىڭ قارلىق مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

تاغىل ئاسلان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى مايمۇننىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا سەل ئەپسۇسلانغان بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى رازىمەنلىك ۋە خۇشاللىق بىلەن «قارلىق»تىكى تەلەپلەر بويىچە قارلىق مەشرىپى ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

«قارلىق» داستىخىنى ئۈچۈن ھەر خىل مېۋە - چىۋە، قەنت - گېزەك ۋە بىر - ئىككى خىل غىزادىن توققۇز داستىخان تەييارلاندى.

قارلىق مەشرىپىگە تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ قېتىمقى مەشرەپكە مايمۇن «ھايۋانات تەنتەربىيە گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى سۈپىتىدە چەت ئەلگە زىيارەتكە چىققاندا تونۇشۇپ قالغان دوستلىرى ھەرنۇقۇش بىلەن خالتىلىق ئېيىق (كولا ئېيىقى)مۇ كەلگەنىدى.

— قارلىق مەشرىپى — تۇنجى قار ياغقاندا «قارلىق» تاشلاش ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى، — دەپ سۆز باشلىدى بۇ قېتىمقى

مەشرەپنىڭ رىياسەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن قارا كۆز بوغا مېھمانلارنىڭ تولۇق يىغىلىپ بولغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، — تونجى قار ياغقاندا «خاسىيەتلىك قار»نى قوتلۇقلاش ئۈچۈن، ئەجدادلار «قارلىق» تاشلاش مەشرىپى ئۆتكۈزۈش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەجدادلارنىڭ قارىشىچە، قار تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا قوت ياغدۇرغىنى، قار بالدۇر ياغسا، شۇ يىلى قىش ياخشى كېلىدۇ. كېيىنكى يىل مول ھوسۇللۇق بولىدۇ. بۇ قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە ئەجدادلار ئىزچىل تۈردە قارلىق مەشرىپى ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلىپ، مەشرەپ ئارقىلىق ئۆملۈك، باياشاتلىق ۋە خۇشاللىق، سالامەتلىك تىلىگەن.

— بۇ ھەقىقەتەن ئۆزگىچە بولغان بىر خىل ئېسىل ئادەتكەن، مەن بەك ھاياجانلاندىم، — دېدى خالتىلىق ئېيىق.

— شۇنداق، نېمىدېگەن ياخشى تىلەكلەر، — دېدى ھەرىقۇش ھەيران بولۇپ.

كۆپچىلىك «قارلىق» داستىخىنىدىن بەھۇزۇر ئېغىز تېگىشكە باشلىدى.

سېرىق تومشۇق ئۆردەك چوجىسى يېنىدا ئولتۇرغان خالتىلىق ئېيىقنىڭ ئالدىدىكى چاي ۋە شەربەتلەردىن ئېغىز تەگمىگىنىنى بايقاپ قالدى.

— بۇنىڭدىن تېتىپ باقمىن، تەمى بەك ياخشى، — سېرىق تومشۇق ئۆردەك چوجىسى بىر ئىستاكان ئانار شەربىتىنى خالتىلىق ئېيىققا سۇندى.

— مەن ئىچەلمەيمەن، — دېدى خالتىلىق ئېيىق.

— نېمىشقا؟ مىجەزىڭ يوقمۇيە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەن ئادەتتە ھەرقانداق ئىچىملىكنى ئىچمەيمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سۇ ئىچمىسە قانداق ياشىغىلى بولىدۇ؟— دېدى ئوغلاق ھەيران بولۇپ.

— بۇنى مېنىڭ ياشاش شارائىتىم بەلگىلىگەن،— دەپ چۈشەندۈردى خالتىلىق ئېيىق،— مەن ئەزەلدىن سۇ ئىچىپ باقمىغان، يوپۇرماقلار بىلەن ئۇسسۇزلۇقىمنى قاندۇرىمەن. سىلەرگە مەلۇمكى، سۇ يوپۇرماق ئېغىرلىقىنىڭ 50 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ سۇ ھاياتىمنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا تولۇق يېتىدۇ.

— ۋاھ، قالتىسكەن،— تاغىل ئاسلان ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىۋەتتى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى.

ئۇلار يەنە تاماق يېيىشتى. قورسىقى تويغانلىرى بىر - بىرلەپ داستىخاندىن قوللىرىنى تارتىشقا باشلىدى.

ئۇزۇن تۇكلۇك كۆچۈك قوزىنى نوقۇپ:

— قارا، ئۇنىڭ ئىشتىيى خېلى ئوبدانكەن - ھە،— دەپ باش كۆتۈرمەي مۇرابىا يەپ، شەربەت ئىچىۋاتقان ھەرىقۇشنى ئىما قىلدى.

— بولدى قىل، ئۇنىڭ غىزا يېيىشىگە تەسىر يەتكۈزمە،— دېدى قوزا بوش ئاۋازدا.

ھەرىقۇش باشقىلارنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى.

— كەچۈرۈڭلار، مېنى جۇغى كىچىك بولغىنى بىلەن

نەپسى يامانكەن، دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن.

— ھېچقىسى يوق، تارتىنماي بەھۇزۇر يەۋەرگىن، — دېدى بۇغا.

ھەرىقۇش تائاملاردىن بىرەر قۇر يېگەندىن كېيىن ئېغىز ۋە قوللىرىنى سۈرتتى.

— سىلەر ئىشتىيىمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك ياخشىلىقىنىڭ سىرىنى بىلەمسىلەر؟ — دېدى ئۇ، — مەن قۇشلار ئىچىدىكى بىردىنبىر كەينىچىلەپ ئۇچۇشقا ماھىر قۇش، قانىتىمنى بىر سېكۇنتتا 100 قېتىم قاقالايمەن. مۇشۇنداق كۆپ ھەرىكەتنى قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئېنېرگىيەگە ئېرىشمىسەم بولمايدۇ. شۇڭا، مەن كۈندە يەيدىغان گۈل شىرنىسى بەدەن ئېغىرلىقىمنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن كۆپ. دوستلارنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— بۇنداق ئىقتىدار ھەرقانداق جانلىقتا بولۇۋەرمەيدۇ. بىز ساڭا قايىل، — دېدى بۇغا.

— بىز سىلەردەك دوستلىرىمىزنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىمىز، — دېيىشتى كۆپچىلىك ھەرىقۇش بىلەن خالتىلىق ئېيىقنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ.

ئۇلار خۇشال ھالدا بېيىت ئوقۇپ، ناخشا ئېيتىپ، مەشرەپكە چۈشتى. مەشرەپ تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلدى.

# قوزىنىڭ سوۋغىسى

هاۋا سوغۇق ئىدى. ئوغلاق سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتتى. تاڭ يورۇمىغان بولسىمۇ قايتا ئۇخلاشقا رەغبى بارمىدى. مۇلايىم قوزىنىڭ تەكلىپى بويىچە دوستلار بۈگۈن سەھەردىلا ئۇنىڭ ئۆيىدە جەم بولۇشقا كېلىشكەن بولغاچقا، ئۇ بالدۇرراق يولغا چىقىش نىيىتىگە كەلدى. چۈنكى، قوزىنىڭ ئۆيى ئورمانلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئىدى. يەنە كېلىپ، قېلىن قاردا ئورماندا يول تېپىپ ماڭماقمۇ تەس ئىدى.

ئوغلاق سوغۇقتىن ئۈيۈشۈپ كەتكەن قوللىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە سىرتقا چىقتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئوغلاق.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئوغلاق سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى بىلەن قارا كۆز بۇغىنى كۆردى.

— هاۋا بەك سوغۇق، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى قىزارغان كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، — ياخشى ئۇخلىيالمىدىم. نائىلاج تاڭ يورۇماستىنلا بۇغىنى ئويغىتىپ ئاچىقتىم. قوزىنىڭ ئۆيىگە بىللە بارايلى، دەپ ئىشىك تۈۋىگە كەلسەك، سەن تەييار بولۇپ چىقىپ تۇرۇپسەن.

— بىر ئاز ھەرىكەت قىلساق ئىسسىپ قالاتتۇق، — بۇغا شۇنداق دەپ ئاستا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئوغلاق بىلەن سېرىق تۇمشۇق ئۆردەك چۈجىسى ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

تاڭ سۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، ئاپپاق قارغا چۆمكەلگەن ئورمانلىق يالتىراپ خۇددى تاڭ ئاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىدىن چىققان ھور سۇس تۇمان پەيدا قىلىپ، ئاق لىباسلىق مۇھىتقا سىڭىپ كېتەتتى.

ئۇلار ئاستا يۈگۈرۈپ ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىردى. ئەمدى بۇ يەردە يول تېپىپ ماڭماقمۇ تەس ئىدى.

— ئۇھ، بەك ھېرىپ كەتتىم، — ئۆردەك چۈجىسى توختاپ قالدى. پېشانىسىدىن ئاققان تەر كۆزىگە كىرىپ كېتىپ قىزارتىۋەتكەنىدى.

— ئۈستۈمگە مىنىۋالغىن، — دېدى بۇغا ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ. بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ئۆردەك چۈجىسى سەكرەپلا بۇغىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئوغلاقمۇ قېلىن قارغا چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتقان پۇتلىرىنى تەستە تارتىپ چىقىرىپ مېڭىۋاتاتتى. بۇ يەردە يۈگۈرۈش ئەمەس، مېڭىشمۇ قىيىنغا توختاۋاتاتتى.

— ئاپلا، ماۋۇ پىشكەلچىلىكنى، — دەپ ئالاقزادىلىك بىلەن ۋارقىرىۋەتتى بۇغا.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ئوغلاق چۆچۈگەن ھالدا.

— بىر يولۋاس بىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ.

— يولۋاس؟ — ئۆردەك چۈجىسىمۇ جىددىيلىشىپ بۇغىنىڭ دۇمبىسىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

— بۇ يەردە بىزنىڭ قېچىپ قۇتۇلمىقىمىز تەس. ئەڭ ياخشىسى ئۇچكە بۆلۈنەيلى. بەلكىم ئىككىمىز ئامان قېلىشىمىز مۇمكىن.

ھەيۋە بىلەن كېلىۋاتقان يولۋاس ئۇلارغا يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يوغان بەستىنى ئۆردەك چۈجىسى چېغىدا ئېنىق كۆردى.

— ئۈلگۈرەلمەيدىغان بولدۇق، — دېدى بۇغا، — ئۇنىڭغا مەن تاقابىل تۇرۇپ دىققىتىنى بۇراي، سىلەر تېز قېچىڭلار.

بۇغۇ بىر ياخشى چارە، لېكىن دوستىنى ياۋۇز يولۋاسنىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرى قېچىشقا ئۇلارنىڭ ۋىجدانى يول قويارمۇ؟

— ياق، بىز كەتمەيمىز، نېمە كۆرسەك تەڭ كۆرىمىز، — دېدى ئوغلاق قەتئىيلىك بىلەن.

— «يېتىپ ئۆلگىچە، ئېتىپ ئۆل» دەپتىكەن، بىز ھەرگىز ئايرىلمايمىز، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى.

— سىلەرگە رەھمەت، قەدىرلىك دوستلىرىم، بىراق... — بۇغا گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. ئەمدى مەسلىھەت ۋە تالاش - تارتىش قىلىدىغانغا پۇرسەت قالمىغانىدى. يولۋاس ئۇلارنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغانىدى.

قىزىق ئىش، يولۋاس ئۆزىگە قارشى ھايات ـ ماماتلىق جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرغان ئۈچ دوستنى كۆرمىگەندەك ئۇلارغا نەزىرىنىمۇ سالماي يېنىدىن ئۆتۇپ كەتتى.

ئۈچەيلەننىڭ جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرى، غەزەپتىن تۈگۈلگەن مۇشتلىرى ۋە كىرىشكەن چىشلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا بوشىدى.

ــ ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ــ دېدى قارا كۆز بۆغا، ــ كۆز ئالدىدىكى ئولجىنى كۆرۈپمۇ پەرۋا قىلمىغىنى ئەجەبلىنەرلىكتە.

ــ ئۇنىڭ نېمە بولغىنىدىن قەتئىينەزەر بىز چوڭ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدۇق.

ــ بولدى، بىزمۇ يولىمىزنى داۋام قىلايلى.

ئۇلار قوزىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا باشقىلارمۇ يىغىلىپ بولغانىدى.

ــ سىلەرنى ساقلاۋاتقىلى خېلى بولدى، ــ دېيىشتى ئۇلار، ــ سوغۇق ھاۋادا ئۇخلىيالمىدۇق. شۇڭا، تاڭ ئاتار ـ ئاتمايلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ھەرىكەت قىلىپ ئىسسىنغاچ يولغا چىققانتۇق. سىلەردىن بۇرۇن كېلىپ بوپتىمىز.

ــ بىزمۇ سىلەردەك بۇرۇنلا يولغا چىققان، ئەمما سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگىلى تاس قالدۇق، ــ ئوغلاق يولۋاسقا ئۇچراپ قالغان ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ــ سىلەرگە ئاپىرىن، ھەقىقىي دوست دېگەن شۇنداق بولۇشى كېرەك، ــ دېدى كۈچۈك پەخىرلەنگەن ھالدا.

— ئۇ يولۋاسنىڭ كاللىسى تازا جايىدا بولمىسا كېرەك، — دېدى ئاسلان ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، — ھاۋا سوغۇق ھەم ئوزۇق تاپماق تەس بولغان مۇشۇنداق شارائىتتا ئالدىغا كېلىپ قالغان ئولجىغا قاراپ قويمىغىنى قىزىقتە.

— ياق، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ يولۋاسنىڭ كاللىسى ناھايىتى جايىدا، — دېدى قوزا چۈشەندۈرۈپ، — ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆزىنى ئاسرىغىنى. ئادەتتە، يولۋاس توڭلىغاندا يۆگۈرەيدۇ. يېنىدىن بىرەر ئولجا ئۆتسىمۇ كارى بولماستىن، بەدىنى ئىسسىغىچە يۆگۈرەيدۇ. خۇددى سىلەرمۇ ئىسسىنىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ ھەرىكەت قىلغىنىڭلارغا ئوخشاش ئىش.

— ئاڭلىسام، رۇسىيەنىڭ شىمالىدا بىزنىڭ جەمەتتىكىلەر بىلەن تۇغقان كېلىدىغان بىر خىل ياۋا بۇغا بولۇپ، زېمىستان قىشتا ئۇلار چەت بىر جاينى تېپىپ ئۆز ئارا ئېلىشىدىكەن، بەدىنى ئىسسىغاندىلا ئاندىن ئوزۇقلۇق ئىزدەپ قورساق تويغۇزىدىكەن، — دېدى بۇغا ئويلىنىپ.

— بىزنىڭ جەمەتتىكىلەر بىلەن قوشنا ياشايدىغان ئورانگۇتانلارنىڭمۇ مۇشۇنداق ئادىتى بار، — دەپ گەپ قاتتى مايمۇنمۇ، — ئورمانلىقتا سوغۇق شامال چىقىشى بىلەنلا ئۇ يەردە ياشايدىغان ئورانگۇتانلار سوغۇققا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيدۇ. ئۇلار تاش كۆتۈرۈۋېلىپ كۈن نۇرى چۈشكەن يەردە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭىدۇ. ئۇلار بۇ ھەرىكەتنى تاكى بەدىنىدىن چىلىق - چىلىق

تەر چىقىقۇچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىلگىرى بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپتىكەنمەن.

— قىش پەسلىدە توشقاننىڭ تۈكلىرى ھەم ئۇزۇن، ھەم قويۇق ئۆسىدۇ، تېرە ئاستىدىكى ماي قەۋىتىمۇ قېلىنلىشىدۇ. ھاۋا بەك سوۋۇپ كەتكەندە ئۇلار بىر يەرگە قىستىلىشىپ، ئۆزئارا قورساقلىرىنى سوقۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسسىنىدۇ، — دېدى قوزا، — ئالىپ تېغىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بىر خىل ئاق چاشقان بولۇپ، بەدىنى مۈشۈكنىڭكىدىنمۇ چوڭ، ھاۋا سوۋۇغاندا ئۇلار تۈگۈلۈۋېلىپ تاغ چوققىسىدىن بىرلىكتە پەسكە يۇمىلاپ چۈشىدۇ، ئاندىن يەنە تاغ چوققىسىغا چىقىپ قايتا پەسكە يۇمىلايدۇ. ئۇلار بۇ ھەرىكىتىنى بەدىنى قىزىغىچە قايتىلايدۇ.

— ھىندىستاننىڭ شىمالى قىسمىدىكى تاغ ۋە ئورمانلىقلار قار - مۇز بىلەن قاپلانغاندا، ئۇ يەردە ياشايدىغان تىيىنلار سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دەرەختىن سەكرەش، چىقىش ھەرىكىتىنى تاكى توختىمىغانغا قەدەر تەكرار داۋاملاشتۇرىدۇ.

— بۇ يەردىنمۇ بەكرەك سوغۇق بولىدىغان ئىككى قۇتۇپ رايونىدىكى ھايۋانلار قانداق ياشايدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆردەك چۈجىسى.

— ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى بار، — قوزا ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — مەسىلەن، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن نەچچە ئون گرادۇس بولىدىغان جەنۇبىي

قۇتۇپتا ياشايدىغان دېڭىز يىلپىزى پەقەت ئۇستىنى مۇز قاپلىغان دېڭىز ئاستىدا قىشتىن ئۆتەلەيدۇ. چۈنكى، دېڭىز سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى قۇرۇقلۇقنىڭكىدىن يۇقىرىراق بولۇپ، ئۇستىنى قېلىن بىر قەۋەت مۇز قاتلىمى يېپىپ تۇرغانلىقتىن، تەبىئىي «ئىسسىق ئۆۋا»نى شەكىللەندۇرگەن. دېڭىز يىلپىزى ھەرىدەك چىشلىرى بىلەن مۇزنى يېرىپ نەپەس ئېلىشقا بولغۇدەك تۆشۈك ئېچىپ نەپەسلىنىدۇ، بەدىنى سۇ ئىچىدە سوغۇقتىن ساقلىنىدۇ. شىمالىي قۇتۇپتىكى دېڭىزدا ياشايدىغان دېڭىز پىللىرى دېڭىز سۈيى مۇز تۇتقاندا قىرغاققا چىقىپ بىر يەرگە توپلىشىپ، ئۆز ئارا سۈركىلىش ئارقىلىق ئىسسىقلىققا ئېرىشىدۇ.

— ئەسلىدە زېمىستان قىش كۈنلىرىدە تەبىئەت دۇنياسىدا ياشايدىغان ھايۋانلار ياشاش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، سوغۇققا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىيۈرۈش ئۇسۇللىرىنى «كەشىپ قىلغان» ئىكەن - دە، — دېدى ئوغلاق.

— شۇنداق، — قوزا دوستلىرىنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى، — ئەمدى تاماق يەيلى.

زېمىستان قىشتا ئوخشىغان پولو يەپ، ئوبدان دەملەنگەن چاي ئىچىش نېمىدېگەن ھۇزۇر.

— قەدىرلىك دوستلىرىم، — دەپ سۆز باشلىدى قوزا تاماقتىن كېيىن، — سىلەرنى بۇ سوغۇقتا يول ماڭدۇرۇپ ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىشىمدىكى مەقسەت، بىرىنچىدىن،

دوستلار بىلەن جەم بولۇش. ئىككىنچىدىن، سىلەرگە تەييارلاپ قويغان سوۋغىتىم بار ئىدى.

قوزا بىر قۇچاق چىرايلىق ئىشلەنگەن قەغەز قاپلارنى كۆتۈرۈپ ھەر بىرەيلەننىڭ ئالدىغا بىردىن قويدى.

بۇ قانداق سوۋغا بولغىيتتى، كۆپچىلىك قىزىققان ھالدا ئۇنىڭ قولىدىكى قاپقا قارىدى.

— شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى تۇكىنىڭ تەركىبىدە ھېچقانداق پىگمېنت بولمىغان كاۋاك نەيچە بار ئىكەن، ئۇ ئۇلترا بىنەپشە نۇرنى ھەم باشقا نۇرلارنىمۇ سۈمۈرۈپ، مۇشۇ ئارقىلىق بەدىنىنى ئىسسىتىپ قىشتىن چىقىدىكەن.

— ۋاھ، بۇ قالتىس كىيىم ئىكەن،— كۆپچىلىك قوزىغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇلار قوزىنىڭ ئۆيىدە كۆڭۈللۈك مېھمان بولۇشقىنىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇشتى.



# ئورماندا نورۇز

ــ جىرىڭ، جىرىڭ...

تېلېفون ئاۋازى تاغىل ئاسلاننىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تازا بىر سوزۇلۇۋالدى، ئاندىن كۆزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەن تاغىل ئاسلان.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تاغىل ئاسلان، بايرىمىڭغا مۇبارەك بولسۇن، ــ تېلېفوندىن ئوغلاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ــ تېخىچە ئۇخلاۋاتامسەن؟ ــ ئۇ، تاغىل ئاسلاننىڭ ئەسنىگىنىنى بىلىپ قالغانىدى.

تاغىل ئاسلان خىجىل بولۇپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. بۈگۈن نورۇز ئىدى. ئۇ دوستلىرى بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغانىدى. مۇشۇنداق كۈندىمۇ كۈن قىزارغىچە ئۇخلاپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان ئۇنىڭ.

تاغىل ئاسلان قوزىنىڭ ئۆيىگە بىردەمدىلا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇپكىنى قويدى ـ دە، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ بايراملىق كىيىمىنى كىيدى. ئاندىن ئانىسى تۇغۇلغان كۈنىدە سوۋغا قىلغان قاشتېشى تارغاق بىلەن دىڭگىيىپ تۇرغان بۇرۇتلىرىنى تارىدى. ئۇ

بۇرۇتنى بەك ئاسرايتتى. چۈنكى، بۇرۇت ئۇنىڭ ئالاھىدە سەزگۈ ئەزاسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرقانداق كاماردىن ئۆتۈشىدىكى بىر «ئۆلچىگۈچ» ئىدى.

تاغىل ئاسلان قوزىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، دوستلىرى ئاللىقاچان يىغىلىپ ئۇنى ساقلاۋاتقانىدى.

— قەدىرلىك دوستلار، — دەپ سۆز باشلىدى ئوغلاق، — يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بۇ ئەنئەنىۋى بايرامنى ئوبدان ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پىلانىمىز بويىچە مەن مەشرەپكە قاتنىشىمەن. ئۆردەك چۈجىسى چاقپەلەك ئۇچۇش (سارغايدى ئويۇنى)قا قاتنىشىدۇ. قوزا نورۇزنامە دېكلاماتسىيە قىلىدۇ. تاغىل ئاسلان چېلىشىش مۇسابىقىسىگە، كۈچۈك دارۋازلىق، بۇغا چەۋگەن توپ مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدۇ. ئەپسۇس، دوستىمىز مايمۇن يارىلانغانلىقتىن، ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشالمايدىغان بولدى.

مايمۇن نورۇز بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ئات ئۈستىدە خەتەرلىك ماھارەتلەرنى كۆرسىتىمەن دەپ يىقىلىپ چۈشۈپ، بىر پۇتىنى سۇندۇرۇۋالغانىدى.

— بۇرادەرلەر، بىز ئاۋۋال دوختۇرخانىغا بېرىپ دوستىمىز مايمۇننى يوقلاپ كېلەيلى، — دېدى تاغىل ئاسلان، — مېنىڭچە، بىز تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىمىز قاتناشقان مۇسابىقە تۈرلىرىدە

ياخشى نەتىجىگە ئېرىشسەك، ئۇنى چوقۇم خۇشال قىلالايمىز.

— بولدى، بۇرادەرلەر، ئاۋارە بولماڭلار، مانا ئۆزۈملا كەلدىم.

كۆپچىلىك مايمۇننى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. بەدىنىگە چىپپىدە كىيىلىدىغان چەۋەندازلار كىيىمى كىيىۋالغان كەپسىز مايمۇن بىلەن پىل ئىشىك تۈۋىدە كۈلۈپ تۇراتتى.

— قالتىسقۇ، — ئوغلاق يۈگۈرۈپ بېرىپ مايمۇننى قۇچاقلىدى.

— ۋاي، بۇ راست سەنمۇ؟ — دېدى كۈچۈك ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي.

ئۆردەك چۈجىسى بىلەن قارا كۆز بۇغىمۇ خۇشاللىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

— ئاپىرىن ساڭا، سېنى بۇنداق تېز ساقىيىپ كېتەر دەپ ئويلىمىغان، — تاغىل ئاسلاننىڭ بۇرۇتلىرى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى.

— ئاپىرىننى ماڭا ئېيتماي، پىلغا ئېيتىڭلار، — دېدى مايمۇن پىلنىڭ قولىنى تۇتۇپ، پىل مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— بۈگۈن بىز ئۈچۈن قوش خۇشاللىق كۈن بولدى، — دېدى قوزا، — مايمۇننىڭ پۇتى ساقايدى. ئۇ يەنە مۇسابىقىگە قاتنىشالايدىغان بولدى.

— شۇنداق، — دېدى تاغىل ئاسلان، — نورۇز بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تورلۇك مۇسابىقىلەردە

نەتىجىگە ئېرىشىپ، بۇ خۇشاللىقلارنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرەيلى.

— شۇنداق قىلايلى!

كۆپچىلىك يېڭى نەتىجە يارىتىشقا بولغان كۈچلۈك ئىشەنچ ۋە ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشتى.



# كۆچەت ئۆستۈرۈش ماھىرى

تاغىل ئاسلان ئەتىكى دەم ئېلىش كۈنىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە دوستلىرىغا مەسلىھەت سالدى.

ــ بۇ كۈننى بىرەر ئەھمىيەتلىك پائالىيەت بىلەن ئۆتكۈزسەك دەيمەن، ــ دېدى ئۇ.

ــ ئۇنداقتا كۆپچىلىككە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىشنى قىلايلى، ــ دېدى قوزا.

ــ كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ رازى بولىدىغان ئىش قىلساق تېخىمۇ ياخشى، ــ دېدى ئۆردەك چۆجىسى.

ــ تاپتىم، ــ دېدى ئوغلاق، ــ قاراڭلار، باھارنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىللىق شامالغا، مۇزلار ئېرىپ يۇمشاشقا باشلىغان تۇپراققا... ھازىر كۆچەت تىكىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى، بىز نىمىشقا كۆچەت تىكمەيمىز.

ــ راست، راست، ــ دېدى مايمۇن خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىپ، ــ بۇ ھەم كۆپچىلىككە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، ھەم كېيىنكى ئەۋلادلار رازى بولىدىغان ئىش.

ــ ماقۇل، ــ دېدى تاغىل ئاسلانمۇ باش لىڭشىتىپ، ــ

مەن يەنە پىل، بۆغىلارغا خەۋەر قىلاي، سەھەردە بىزنىڭ ئۆيدە جەم بولۇپ، ئاندىن كۆچەت تىكىشكە بارايلى.

دوستلارنىڭ قىزغىن پاراڭلىرى، ئۆز ئەمگەكلىرىدىن مەمنۇن بولۇش تۇيغۇسى ئۇلارنى ھارغىنلىق ھېس قىلدۇرمىدى. پىل پات - پات بۇرنىغا چۇشۇپ قالىدىغان كۆز ئەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، باغلام - باغلام قىلىپ تەييارلانغان كۆچەتلەرنى خارتۇمى بىلەن كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ بەردى. بەزىلەر ئورەك كولىسا، بەزىلەر كۆچەت قۇيۇپ كۆمدى. بەزىلەر سۇ ئەكىلىپ كۆچەت تۈۋىگە قۇيدى. قىزغىن ئىش قايىنىمىغا ھەۋەسلىنىپ غەربكە قانداق بېرىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالغان كۈن بوۋاينىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ شەپەق ھاسىل قىلغان چاغدا ئورمانلىقتىكى بوش جايغا كۆچەت تىكىپ بولۇندى.

— بۇ ئىشمۇ تۈگىدى، — دېدى تاغىل ئاسلان تەر باسقان يۈزىنى سىلاپ قويۇپ، — ئەمدى ئارام ئالايلى.

— جاپا چەكتىڭلار، سىلەرنى ئۆيۈمگە چايغا تەكلىپ قىلاي، — دېدى تىيىن ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— بولدى، سىزنى ئاۋارە قىلمايلى، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— ئاۋارە بولىدىغان نېمىسى بار، سىلەر بىز ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتساڭلار ئۆيۈمگە چايغا تەكلىپ قىلسام بولمامدىكەن، بىلىسىلەرغۇ، ئۆيۈم بۇ يەرگە يىراق ئەمەس.

— ماقۇل.

كۆپچىلىك تىيىنگە ئەگىشىپ بىردەمدىلا يوغان بىر

توپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلدى. تىيىن بالا ـ چاقىلىرى بىلەن مۈشۈ دەرەختىكى كاماردا تۇراتتى. كۆپچىلىك دەرەخ تۈۋىگە زىلچا گىلەم سېلىپ تەييارلانغان ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. قوللارغا سۇ بېرىلىپ چاي كەلتۇرۇلدى. ئاندىن مېۋە ـ چېۋىلەر، تاتلىق ـ تۇرۇملەر قويۇلدى. مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئورمان ياڭىقى، قارىغاي ئۇرۇقلىرى پەتنۇسلاردا تىزىلدى.

ــ نېمىدېگەن قاتتىق، ــ دېدى مايمۇن بىر تال قارىغاي ئۇرۇقىنى چىشلەپ بېقىپ.

ــ مەن چېقىپ بېرەي، ــ دېدى تىيىن.

تىيىننىڭ كۈرەك چىشلىرى ئىنتايىن قاتتىق بولغاچقا قارىغاي مېۋىسى، ئورمان ياڭىقى ۋە ياڭاقلارنىڭ قاتتىق شاكىلىنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا چىشلەپ يېرىۋەتتى.

تىيىننىڭ بالىلىرى بەكمۇ ئوماق ئىدى. ئۇلار بىردەم دەرەخ شاخلىرىدا ئۇياقتىن بۇياققا سەكرىسە، بىردەم دەرەختىن پەسكە چۈشەتتى.

ــ تىيىننىڭ يۇمشاق ۋە پاخپىيىپ تۇرغان قۇيرۇقى ئۇنىڭغا ھۆسن قوشۇپلا قالماي، بەلكى رولىمۇ ناھايىتى كۆپ، ئۇنى تىيىننىڭ ياخشى ياردەمچىسى دېيىشكە بولىدۇ، ــ دېدى قوزا.

ــ ئۇ دەرەخ شاخلىرىدا سەكرىگەندە قۇيرۇقى ئەڭ ياخشى تەڭشەك بولىدىكەن، ــ دېدى مايمۇن.

ــ دەرەختىن سەكرەپ چۈشكەندە قۇيرۇقى پاراشوتنىڭ رولىنى ئوينايدىكەن، ــ دېدى ئوغلاق.

— كېچىسى ئۇخلىغاندا قۇيرۇقىنى يېپىنچا قىلىدىكەن، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى.

— يامغۇر ياغقاندا قۇيرۇقى يامغۇرلۇق بولىدىكەن، — دېدى بوغا.

— ئىسسىقتا كۈنلۈكنىڭ رولىنى ئوينايدىكەن، — دېدى كۈچۈك.

— يەنە تېخى قۇيرۇقىنى ھەر خىل شەكىلدە يۆلىنىشتىن ئۇچۇر ئالماشتۇرىدىكەن ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىكەن، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— راست، بۆلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بەك قىزىقارلىقكەن، — دېدى قوزا.

پىل كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلىغاچ ئويلىنىپ قالدى.

— دوستلار، بىز كۆپچىلىككە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەم كېيىنكى ئەۋلادلارنى رازى قىلغىلى بولىدىغان ئىش قىلىمىز دەپ كۆچەت تىكىش ئەمگىكىگە قاتناشتۇق. لېكىن، مۇشۇ ئەمگەكتە ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن تۆھپىكارغا شەرەپنامە بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇق، — دېدى ئۇ.

— توغرا، بىز ئاشۇ تۆھپىكارنى تاللاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا شەرەپنامە بېرىشنى ئويلىشىپ باقساق بولغىدەك، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— ئەمگەككە ھەممىمىز تەڭ قاتناشتۇق، بىكار تۇرغانلار يوق، بۇنى قانداق تاللىساق بولار؟ — دېدى ئوغلاق.

كۆپچىلىك بىر دەم سۈكۈتتە تۇردى.

ــ مەن قارشىمىنى دەپ باقاي، ــ دېدى بىر ھازادىن كېيىن قوزا، ــ مېنىڭچە، تۆھپىكار ئالدىمىزدىلا تۇرۇپتۇ. ئۇنى يەنە نەدىن تېپىپ تاللاپ ئولتۇراتتۇق؟

ــ ئۇ كىم؟ ــ دېدى ئۆردەك چۈجىسى.

ــ تەقەززا قىلماي دېسەڭچۇ؟ ــ دېدى مايمۇنمۇ.

ــ ئۇ بولسا تىيىن ئەپەندى، مانا ئالدىڭلاردا تۇرۇپتۇغۇ، ــ دېدى قوزا.

ــ بۇ...

ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ جاۋابتىن كۆپچىلىك نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى.

ــ چاقچاق قىلمىسىڭىزچۇ، ــ دېدى تىيىن قىزىرىپ تېخىمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا، ــ مەن قايسى تۆھپەمگە بۇ شەرەپلىك نامغا ئېرىشكۈدەكمەن.

ــ ساڭا تىيىننىڭ تامىقى بەك تېتىپ كەتتىمۇ نېمە؟ ــ دەپ چاقچاق قىلدى مايمۇن.

ــ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، مەن بۈگۈنكى كۆچەت تىكىش ئەمگىكىنىڭلا گېپىنى دېمىدىم، ــ دېدى قوزا، ــ كىم ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆچەت ئۆستۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ؟

ــ قوزىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم، ــ دېدى پىل بۇرنىغا چۈشۈۋالغان كۆزئەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ــ مېنىڭچىمۇ بۇ شەرەپكە ھەقىقەتەن تىيىن لايىق.

— گەپنى ئوچۇق قىلىڭلارچۇ؟ — دېدى ئوغلاق، — مېنى قايمۇقتۇرۇپ قويدىڭلار.

— كۆپ يىللاردىن بۇيان تىيىنىنىڭ قارىغاي ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ كۆچەت ئۆستۇرۇپ، ئورمانلىقتىكى دەرەخلەرنىڭ ئاينىشىغا ئەجىر سىڭدۇرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ، — دېدى قوزا.

— ئاپلا، دۆتلۇكۇمگە قاراڭلار، بۇنى ئەجەب ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى مايمۇن مۇشتۇمى بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ قويۇپ، — تىيىنىنىڭ كۆچەت ئۆستۇرۇپ ئورمان بەرپا قىلىشتىكى تۆھپىسىنى تەقدىرلەش كېرەك.

— بولدى قىلىڭلار، — دېدى تىيىن قىزىرىپ، — مەن كۆپچىلىكنىڭ ماڭا بەرگەن باھاسىغا مۇناسىپ ئەمەس.

— سىز ئەڭ مۇناسىپ، — دېدى پىل، — سىز بۇ تۆھپىڭىزنى ھېچكىمگە داۋراڭ سالماي، كەمتەرلىك بىلەن ياشاپ كەلدىڭىز، بۇ ھەم قەدىرلەشكە تېگىشلىك پەزىلەت.

— سىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن باھايىڭلارنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خىجىل بولۇۋاتىمەن، — دېدى تىيىن ئوڭايسىزلانغىنىچە.

— خىجىل بولماي، ئەكسىچە پەخىرلىنىشىڭىز كېرەك، — دېدى ئۆردەك چۆجىسى.

— سىلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلسەڭلار، بۇنداق دېمەيتتىڭلار، ھەتتا مەندىن نەپرەتلەنگەن بولاتتىڭلار، — تىيىن چوڭقۇر بىرنى تىنىۋالدى، — بۇ پەقەت ئۇنتۇغاقلىقىم تۇپەيلىدىن بولغان تاسادىپىي ياخشى

ئىش. مەن بەك شەخسىيەتچى، — تىيىن بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەر ۋە ئۇرۇقلارنى يەرگە كۆمۈپ ياكى كامارلارغا يوشۇرۇپ قىشتا يېيىشكە ساقلايمەن. لېكىن، بەزىدە يوشۇرغان جاينى ئۇنتۇپ قالىمەن. نەتىجىدە كېيىنكى يىلى ئۇرۇقلار بىخلىنىپ يۇمران كۆچەتلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەن نۇرغۇن دەرەخلەرنىڭ تېرىپ ئۆستۈرگۈچىسى بولۇپ قالغان.

— سەممىيلىكىڭىزدىن قايىلمىز، — دېدى تاغىل ئاسلان، — مەيلى سىز قانداقلا مەقسەتتە بولماڭ، يەنىلا كۆچەت ئۆستۈرۈشتىكى تۆھپىڭىزنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

— ماڭا بەرگەن باھايىڭلاردىن مىننەتدارمەن، بۇندىن كېيىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆچەت ئۆستۈرىمەن، سىلەر بىلەن بىللە كۆچەت تىكىشكە قاتنىشىمەن، شۇ چاغدا ئاندىن... — تىيىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى.

— «كۆچەت ئۆستۈرۈش ماھىرى» دېگەن شەرەپ ھېلىمۇ سىزگە تەئەللۇق، — دېدى بۇغا.

— سىزنىڭ كۆچەت ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان «ئۇنتۇغاق»لىقىڭىزنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، — دېدى ئوغلاق بىر كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

# ياردەمچى ئىزدەش

كەپسىز مايمۇن «هايۋانات تەنتەربىيە گېزىتى»گە مۇخبىرلىققا تەكلىپ قىلىنغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىملىق قىزىقارلىق زىيارەتنى باشلىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ ئىلگىرىكى سەپەردىن مۇشكۈل ۋە خېيىم - خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. شۇڭا، ئۇ كۈچلۈك ھەم جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان بىر ياردەمچى تېپىشنى ئويلىدى. ئۇ يولۋاسنىڭ يېنىغا باردى.

— يولۋاس ئەپەندى، — دېدى ئۇ يولۋاس بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، — سىزگە مەلۇم، يۇرتىمىز ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، ئىقلىمى تىپىك ئىسسىق قۇرغاق رايون، بۇ يەردىكى دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقى تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەجدادلار ئۇنى «بارسا كەلمەس» جاي دەپ تەرىپلىسە، غەربلىكلەر «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. مېنىڭچە، ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدىكى سەھرايى كەبىر چۆللۈكىدىن قالسا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان بۇ

سىرلىق جايدا باشقىلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ھايۋانلار ۋە ئىشلار بار. مەن ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە بىلدۈرۈپ قويماقچى.

— ياخشى ئويلاپسەن، ئۆزىنىڭ يۇرتىنى بىلىش ۋە باشقىلارغا بىلدۈرۈش ھەركىمنىڭ ۋىجدانى بۇرچى، — دېدى يولۋاس.

— مەن سىزنى بۇ قېتىملىق زىيارەتكە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. چۈنكى، سىز يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى، سىز يېنىمدا بولسىڭىزلا بۇ خىزمەتنى بىخەتەر تاماملاشقا ئىشىنىمەن، — دېدى مايمۇن كېلىش مەقسىتىنى بايان قىلىپ.

— كەچۈرگىن، بۇ تەكلىپىڭنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىزمەن. مەن گەرچە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى بولساممۇ، تاغ قۇچقىچىنىڭ مايىقىدىن ئىنتايىن قورقىمەن. چۈنكى، تاغ قۇچقىچىنىڭ مايىقى بەدىنىمگە چاپلىشىپ قالسىلا تېرەم يارا بولۇپ شەلۋەرەپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇ يەردىكى مۇھىتقا ماسلىشالماي ساڭا ياردەملىشىش تۇگۇل ھاياتىمنى ساقلاپ قالالىشىممۇ ناتايىن، — دېدى يولۋاس خۇرسىنغان ھالدا.

— ئۇنداق بولسا، باشقا ياردەمچى تاپاي، — مايمۇن يولۋاس بىلەن خوشلىشىپ ئېيىقنى ئىزدەپ ماڭدى.

— ئېيىق پالۋان، — دېدى مايمۇن ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ، — سىز ھايۋانلار ئارىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك پالۋان، ئەگەر سىز ماڭا ياردەمچى بولسىڭىز، بۇ خىزمەتنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق تۈگەتكەن بولاتتىم.

ــ كەچۈرگىن، مەن ساڭا ياردەمچى بولۇشقا لايىق ئەمەس،ــ دېدى ئېيىق بىردەم ئويلىنىۋېلىپ،ــ مەن پالۋان دەپ ئاتالساممۇ، لېكىن بۇرنۇم ناھايىتى ئاجىز، بۇرنۇمغا بىرى نوقۇپ قويسىلا شۇ زامان ھوشسىزلىنىپ يىقىلىمەن. يەنە كېلىپ، ئۇ يەردىكى مۇھىتقا ماسلىشالماي، ساڭا يەنە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشىم مۇمكىن.

ــ ئۇنداق بولسا، باشقا ياردەمچى تاپاي،ــ مايمۇن ئېيىق بىلەن خوشلىشىپ بۆرىنى ئىزدەپ ماڭدى.

ــ بۆرە ئاكا،ــ دېدى مايمۇن،ــ سىز ناھايىتى ياۋۇز ھەم ئەقىللىك، مۇبادا سىز ماڭا ياردەمچى بولسىڭىز مەن بۇ خىزمەتنى چوقۇم ياخشى ئورۇنلىغان بولاتتىم.

ــ كەچۈرگىن، ساڭا ياردەملىشەلمەيمەن، مەن ياۋۇز ھەم ئەقىللىك بولسامۇ، ئوت ۋە ئوچۇق رەڭلىك نەرسىلەردىن شۇنچىلىك قورقىمەن ھەم بىلىممۇ ئۇزۇن يولغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ، مۇھىتقا ماسلىشالماي، يوكۈڭنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشىم مۇمكىن،ــ دېدى بۆرە ئەپسۇسلىنىپ.

ــ ئۇنداق بولسا، باشقا ياردەمچى تاپاي،ــ مايمۇن بۆرە بىلەن خوشلىشىپ تىمساھنى ئىزدەپ ماڭدى.

ــ تىمساھ بۇرادەر،ــ دېدى مايمۇن،ــ سىز ناھايىتى كۈچلۈك كۈتۈرسىز، ماڭا ياردەم قىلسىڭىز بۇ خىزمەتكە ئىشەنچ بىلەن ئاتلانغان بولاتتىم.

ــ كەچۈرگىن، مەن كۈچلۈك بولسامۇ، سېرىق رەڭدىن ئەڭ قورقىمەن. كىشىلەر سېرىق رەڭلىك سۇ

ئۆزۈش كىيىمى كىيىپ سۇ ئۈزسىلا زىيانكەشلىكىمدىن ساقلىنالايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇ خىل مۇھىتقا ماسلىشالمايدىغانلىقىمنى سەنمۇ بىلىسەن.

ــ ئۇنداق بولسا بوپتۇ. مەن باشقا ئامال قىلىپ باقاي، ــ دېدى مايمۇن روھى چۈشكەن هالدا. ئۇ تىمساھ بىلەن خوشلاشتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ مايمۇننىڭ بېشى بەكمۇ قاتتى. ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ بىرەر ئامال تاپالماي دوستلىرىدىن مەسلىھەت سوراش قارارىغا كەلدى.

مايمۇن دوستلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ياردەمچى ئىزدەش جەريانىدىكى ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ــ بىر تقۇچ هايۋانلارنىڭ هېچقايسىسى ساڭا ياردەم بېرىشكە قوشۇلمىدى دېگىن، ــ دەپ ئېغىز ئاچتى ئوغلاق بىردەملىك سۈكۈتنى بۇزۇپ، ــ هەرقانداق كۆچلۈك ۋە ياۋۇز هايۋانلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئاجىزلىقلىرى بولىدۇ.

ــ شۇنداق، ــ دېيىشتى كۆپچىلىك تەڭلا.

ــ مەن بىرسىنى تونۇشتۇراي، ــ دېدى بۇغا، ــ ئۇ دۇنياغا مەشهۇر يىپەك يولىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، راۋاجلىنىشى، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. ئەجدادلار ئۇنى مۇهىم قاتناش قورالى قىلغان هەمدە ئۇنىڭغا «چۆل كېمىسى» دېگەن چىرايلىق نامنى بەرگەن.

— تۆگە، — كۆپچىلىك تەڭلا ۋارقىرىۋەتتى.

— شۇنداق، — دېدى بۇغا، — دۇنيادا تۆگىنىڭ ئىككىلا تۈرى بار. بىرى، شىمالىي ئافرىقىدا ياشايدىغان جۈغى چوڭ ھەم تاق لوكىلىق ياۋا تۆگە بولۇپ، 100 يىلنىڭ ئالدىدا نەسلى قۇرۇغان، قوش لوكىلىق ياۋا تۆگە پەقەت يۇرتىمىزدىلا ساقلىنىپ قالغان.

— ياۋا تۆگە بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتى بولمىغان بولسىمۇ، ئۇ توغرىلىق كۆپ ئاڭلىغانمەن، — دېدى تاغىل ئاسلان، — ئۇ ئادەتتە مېنىرال دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى تۇزلۇق سۇلارنى ئىچىپ، سۇ تەركىبى ئىنتايىن كەم چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنى يەپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن.

— ياۋا تۆگە ياشاۋاتقان مۇھىت ئىنتايىن ناچار بولغان دەشت - باياۋاندۇر. بۇ جايلار ئادەتتىن تاشقىرى قۇرغاق ھەم بورانلىق، يازدا تونۇردەك ئىسسىق بولسا، قىشتا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. مەن ئۇنداق جايدا ياشاش ئەمەس، بىرەر قېتىم بېرىپ بېقىشنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، — دېدى ئۆردەك چۈجىسىمۇ ھاياجانلىنىپ.

— ئۇ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىپ، سىرتقى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا، تەرلىمەستىن، بەلكى تەندىكى سۇنىڭ ھورغا ئايلىنىپ كېتىشىنى تىزگىنلەيدۇ. كەچتە تېمپېراتۇرىسى سىرتقى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىلەن تەڭ تۆۋەنلەيدۇ. قېنىدا سۇ يىغىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان يۇقىرى قېتىشمىلىق ئاقسىل بولىدۇ.

بەدىنىدىكى ھۆجەيرىلەرنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى سىڭىشچان ئېرىتمىگە بولغان قارشىلىق كۈچى چوڭ بولۇپ، زور مىقداردىكى سۇلارنى سۈمۈرۈپ ساقلىيالايدۇ. قىلدام تومۇرلىرىمۇ بىرقەدەر قېلىن، تۆشۈكچىسى تار بولۇپ، سۇسىزلانغاندا، قان سۇيۇقلۇقىدىكى سۇ تەركىبىنىڭ تۆگەپ كېتىشىنى ئازايتىدۇ. يەنە ئاشقازىنى ئەتراپىدا 20 ـ 30 خالتىچىلاردىن تەركىب تاپقان سۇ ساقلاش خالتىلىرى بولۇپ، ئۈچ لىتىردىن ئارتۇق سۇنى ساقلىيالايدۇ. شۇڭا، ئۇ سۇ ئىچمەيمۇ 20 نەچچە كۈنگىچە نورمال ياشىيالايدۇ. سۇ مەنبەسىگە يېتىپ كەلگەندە، بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا بىر قېتىمدا 200 لىتىرغا يېقىن سۇ ئىچىۋالىدۇ. باشقا ھايۋانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق سۇ ئىچىش ئادىتى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ئۇ قانىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئەمما، تۆگە ھېچنېمە بولمايدۇ. ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىشىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك، قوش لوكىسىدا داۋاملىق كۆپ مىقداردا ياغ ماددىسىنى ساقلاپ، تولۇقلاپ تۇرغاچقا، ئوت ـ چۆپ يېمەيمۇ بىر ئايدىن ئارتۇق ياشىيالايدۇ. پۇراش سېزىمىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئىككى كىلومېتىر دائىرىدىكى سۇ مەنبەسىنى پۇراپ تاپالايدۇ. ئەگەر بىرەر خەتەرلىك شەپىنى سېزىپ قالسا، توختىماي نەچچە سائەتلەپ يۈگۈرەلەيدۇ. تېزلىكىمۇ 70 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇرۇن تۆشۈكىدە بىر كلاپانسىمان پەردە بولۇپ، شامال چىققاندا قۇمنىڭ

بۇرۇن تۆشۈكىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇ. مېنىڭچە، ئۇ ساڭا ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولالايدۇ، — دېدى قوزا.

— ئۇ چوقۇم بۇ خىزمەتنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، — دېدى ئوغلاق.

— مېنىڭ ھازىرلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى مايمۇن خۇشال بولۇپ.

— يۈرە، ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ باراي، — دېدى بۇغا.



# قىرغاۋۇلنىڭ قۇيرۇقى

مايمۇننىڭ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن ھالدا كىرىپ كېلىشى ساقچىخانىدىكى تاغىل ئاسلاننى چۆچۈتىۋەتتى.

ــ ساڭا نېمە بولدى؟ــ دەپ سورىدى ئۇ ئالدىراپ.

ــ «ھايۋانات تەنتەربىيە گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى سالاھىيىتى بىلەن ئورماندىكى ھايۋانلارنى زىيارەت قىلىپ يۈرەتتىم، ئۇشتۇمتۇت مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. نېمە ئىش بولغانلىقىغا قىزىقىپ سىنچىلاپ قارىۋىدىم، مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان بىر قارا نىيەت ئوۋچىنى ھەم ئوق تەگكەن بىر قىرغاۋۇلنىڭ ئاسماندىن چۈشۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئوۋچىنىڭ قارىسى يىتىشى بىلەن يارىلانغان قىرغاۋۇلغا ياردەم قىلاي دەپ ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى مەلۇم قىلغىلى سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىشىم.

ــ ئۇنىڭغا ئوق تەگمەي بىرەر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالدىمۇ ـ يە؟ــ دېدى تاغىل ئاسلان ئويلىنىپ.

ــ ئۇنىڭغا ئوق تەگكىنىنى كۆرگەن تۇرسام،ــ دېدى مايمۇن تىت ـ تىت بولۇپ.

ــ بىز ئاۋۋال نەق مەيدانغا بارايلى،ــ دېدى تاغىل ئاسلان.

تاغىل ئاسلان مايمۇننىڭ يول باشلىشى بىلەن نەق مەيدانغا تېزلا يېتىپ كەلدى ۋە ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈردى. بۇ يەردە قىرغاۋۇلنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. پەقەت چېچىلىپ ياتقان بىرنەچچە تال قىرغاۋۇل پېيىلا بايقالدى.

— بۇ پەيلەرگە قارىغاندا قىرغاۋۇلغا راستتىنلا ئوق تەگكەندەك قىلىدۇ، لېكىن بىرەر تامچە قانمۇ كۆرۈنمەيدۇ. بۇ تازىمۇ غەلىتە ئىش بولدىغۇ، — دېدى تاغىل ئاسلان ھەيران بولۇپ.

— قىرغاۋۇلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ باقايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى مايمۇن.

— شۇنداق قىلمايمۇ باشقا ئامال يوق، — دېدى تاغىل ئاسلان.

ئۇلار قىرغاۋۇلنىڭ پېيىنى كۆتۈرۈپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، يېقىن ئەتراپتىن قىرغاۋۇلنىڭ ئۆيىنى ئاسانلا تاپتى.

تاغىل ئاسلان ئىشىكنى چەكتى. ئىچكىرىدىن «مانا ھازىر» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئىشىك ئېچىلىپ قىرغاۋۇل پەيدا بولدى.

— ئوھوي، سەن ساقكەنسەنغۇ، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى مايمۇن. بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت، — دېدى قىرغاۋۇل كۈلۈپ.

— ئەسلىدە ساڭا ئوق تەگمىگەنىكەندە، بىز بەكلا ئەنسىرەپ كېتىپتۇق، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— ئوق تەگكەنلىكى راست، مانا قاراڭلار، — قىرغاۋۇل ئوڭ قانىتىنى كۆرسەتتى. قانىتىدا سۇنۇپ چۈشۈپ كەتكەن پەيلەرنىڭ ئىزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— غەلىتە ئىش، ساڭا ئوق تېگىپتۇ - يۇ، بىرنەچچە تال پېيىڭدىن ئايرىلغاندىن باشقا ھېچقانداق يارىلانماپسەن، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— كەچۈرۈڭلار، سىلەرگە دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى قىرغاۋۇل، — قانىتىم ناھايىتى ئۆزگىچە، ئۇنىڭدىكى پەي ئۇمۇرتقام بىر خىل كۆپۈكسىمان ۋە مۇڭگۈز ماددىسىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىنتايىن يۇمشاق ھەم چىدامىلىق، شۇڭا قانىتىم ھەر خىل ئوقنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

— قالتىسكەن، — دېدى مايمۇن ھەيران بولۇپ.

— قانىتىڭدىكى بۇ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئوقتىن ساقلىنىش مايكىسى ياسىسا بولغۇدەك، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— سەن بەك ئەقىللىككەنسەن، — دېدى قىرغاۋۇل، — ئالىملار دەل بۇ ئالاھىدىلىكىمدىن پايدىلىنىپ ئەنئەنىۋى ئوقتىن ساقلىنىش مايكىسىغا قارىغاندا يېنىك ھەم ئوقنىڭ زەربىسىگە تېخىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش مايكىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن تەتقىق قىلىۋاتىدۇ.

— ئۆزۈڭنىڭ مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىڭدىن پايدىلىنىپ قارا نىيەت ئوۋچىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلغانلىقىڭنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى تاغىل ئاسلان سۆيۈنۈپ.

# سۇۋەرەكنىڭ مېڭىسى

تاغىل ئاسلان ئۆيىدە بىر سۇۋەرەكنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ: «مەينەتچىلىكتە بولىدىغان بۇ نىجىس ئۆيۈمدە قانداق پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ ناھايىتى بىئارام بولدى. ئەلۋەتتە، ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى تېزدىن يوقىتىش كېرەك.

تاغىل ئاسلان سۇۋەرەككە ئاستا يېقىنلاشتى. ئاندىن بىرلا سەكرەپ ئوڭ قولىنىڭ گۆشلۈك ئالىقىنى بىلەن ئۇنى پولغا نىقتاپ باستى. ئۇ بەك كۈچەپ كېتىپ ئېگىكىنى پولغىمۇ ئۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ جېنى ھەرقانچە چىڭ بولسىمۇ مىجىلىپ ئۆلگەندۇ؟

تاغىل ئاسلان ئالىقىنىنى ئاۋايلاپ ئاچتى. قىزىق ئىش، ئالىقىنى ئاستىدا سۇۋەرەكنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

تاغىل ئاسلان ئاغرىۋاتقان ئېگىكىنى سىلاپ قويۇپ ئەتراپقا سەپسالدى. سۇۋەرەك خېلى يىراق جايدا ئۆمىلەپ كېتىۋاتاتتى.

«كاساپەت، مېنى ئەجەب ئەخمەق قىلدىڭ!» تاغىل ئاسلان سۇۋەرەككە ئۆزىنى ئاتتى. ئەمما، يەنە تۇتالماي ئىنتايىن تېرىكىپ كەتتى. سۇۋەرەك تۇتۇق بەرمەي

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا قېچىپ يۈرەتتى. تاغىل ئاسلاننىڭ يەنە بىر قانچە قېتىملىق «ھۇجۇمى»مۇ بىكارغا كەتتى. تاغىل ئاسلان ئۆزىنىڭ چاققانلىقى بىلەن نام ئالغاندى. بىراق، سۇۋەرەكنىڭ ئىنكاسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى تۇتماق ھەقىقەتەن تەس ئىدى. تاغىل ئاسلان ئۇنىڭ بىر سېكۇنتتا 40 سانتىمېتىر يول يۈرەلەيدىغانلىقىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقىدى. بۇ خىل سۈرئەتنى ھاشاراتلار ئارىسىدا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا دېيىشكە بولاتتى.

تاغىل ئاسلان: «تىرىككىنىمنىڭ پايدىسى يوق، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ پەم بىلەن ئىش قىلاي» دەپ ئويلىدى ۋە سۇۋەرەكنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. ئۇنىڭ يول يۈرۈش سۈرئىتى بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلغان چاغدىكى تېزلىكىنى مۆلچەرلەپ كۆردى. ئاندىن سۇۋەرەككە يېقىنلىشىپ كېلىپ، بىرلا سەكرەپ ئوڭ ئالىقىنى بىلەن بېسىپ تۇتۇۋالدى. بېشىغا كەلگەن خېيىم - خەتەرنى ھېس قىلىپ يەتكەن سۇۋەرەكمۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ بىردەم تېپىرلاپ باقتى - دە، ئاستا - ئاستا جىمىپ قالدى. تاغىل ئاسلان ئالىقىنىنى كۆتۈردى. سۇۋەرەك ئالاقاچان جەھەننەمگە يول ئالغاندى.

بىراق، تاغىل ئاسلاننىڭ ئاچچىقى يانمىغانىدى. پولغا تېگىپ كەتكەن ئېڭىكىمۇ تېخىچە زىڭىلداۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ قەدىمكى زاماندىكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ جازالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىتتىك تىغلىق ئەسۋاب بىلەن سۇۋەرەكنىڭ

كالللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئاندىن سۇپۇرگە بىلەن سۇۋەرەكنىڭ ئۆلۈكىنى تازىلىۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى. بۇ ساقچىخانىدىن كەلگەن تېلېفون ئىدى. ئۇ تېلېفوندا سۆزلىشىپ مۇھىم بىر ۋەزىپىنىڭ چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئۆلگەن سۇۋەرەكنى تاشلاپ ساقچىخانىغا چاپتى.

تاغىل ئاسلان شۇ چىققانچە ۋەزىپە بىلەن سىرتقا كاماندىروپكىغا بېرىپ، سەككىز ىنچى كۈنى كەچتە قايتىپ كەلدى. ئۇ قېنىپ ئۇخلاپ ھاردۇقى ئوبدانلا چىقىپ قالدى.

تاغىل ئاسلاننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان دوستلىرى سەھەردە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى.

— كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بوپتۇ، سالامەتلىكىڭ ئوبدانمۇ؟ — دېدى پىل.

— كۆزلىرىمىزدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭ، — دېدى قوزا.

— ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاپ كەلگەنلىكىڭنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى كۈچۈك.

— ئەجەبمۇ سېغىندۇردۇڭ، — دېدى ئوغلاق.

— ھەرقايسىڭلارنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭلارغا رەھمەت، — تاغىل ئاسلان ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

مايمۇن ھېلىقى كۈنى تاشلىۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالغان سۇۋەرەكنى كۆرۈپ قالدى.

— ۋۇي، بۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ.

— تاغىل ئاسلانغا ئوخشاش پاكىزلىققا ئەھمىيەت

بېرىدىغانلارنىڭ ئۆيىدىمۇ مۇشۇنداق ھاشارات بولىدىكەن - ھە، — دېدى بۇغا چاقچاق قىلىپ.

تاغىل ئاسلان ئۇنى ئېسىدىن پۇتۇنلەي چىقىرىپ قويغانىدى.

— بۇ بىر سۇۋەرەككەنغۇ، — دېدى قوزا سىنچىلاپ قاراپ، — ئۇنىڭ بېشى يوق تۇرىدىغۇ؟

تاغىل ئاسلان ھېلىقى كۈنى سۇۋەرەكنى تۇتۇش جەريانىدىكى ھەرەجلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ مىدىراۋاتىدىغۇ، ئۇنىڭ جېنى باركەن، — دېدى مايمۇن.

— ئاجايىپ ئىش، ئۇ راستتىنلا مىدىراۋاتىدۇ، — دېدى بۇغا.

ھەممەيلەن سۇۋەرەكنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇ پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مېڭىشقا ئىنتىلەتتى. لېكىن، ھەرىكىتى بارغانسېرى ئاستىلاپ ئاخىرى جىمىپ كەتتى. ئۇنى خېلى ئۇزۇنغىچە كۆزىتىپ تۇرۇپ، قايتا ھەرىكەت قىلمىغاندىن كېيىن كۆپچىلىك ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇ ئەمدى ئۆلۈپتۇ، — دېدى پىل تەكشۈرۈپ كۆرۈپ.

— توۋا، ئۇنىڭ كاللىسى ئۇزۇلۇپ ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا توققۇز كۈن ئۆتۈپتۇ. جېنى بەك چىڭكەن، — دېدى تاغىل ئاسلان.

پىل سۇۋەرەكنىڭ جەسىتىنى بىر ھازا ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ كەتتى.

ــ سۈۋەرەكنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ئالاھىدە ئىكەن، بىز نىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن، ــ دېدى ئۇ.

ــ قانداق ئوخشىمايدىكەن؟ ــ دەپ سورىدى كۆپچىلىك تەڭلا.

ــ سۈۋەرەكنىڭ چوڭ مېڭىسى ئۇنىڭ تېنىگە يوشۇرۇنغانىكەن، ئۇ تاسادىپىي بېشىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ، داۋاملىق ياشىيالايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ۋاقتىدا ئوزۇقلىنالماسلىق سەۋەب بولغان.

ــ مەن بۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، ــ دېدى تاغىل ئاسلان.

ــ تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ھەقىقەتەن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ــ دەپ چۈشەندۈردى پىل، ــ نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ چوڭ مېڭىسى ئۇنىڭ باش سۆڭىكى ئىچىگە جايلاشقان. سۈۋەرەكنىڭ چوڭ مېڭىسى ئۇنىڭ تېنىگە يوشۇرۇنغان. يەنە بىر قىسىم جانلىقلاردا مېڭە بولمايدۇ. دېڭىز يۇلتۇزى دەل مۇشۇ خىل جانلىقلار تۈرىنىڭ ۋەكىلى، دېڭىز يۇلتۇزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاساسەن نېرۋا سىستېمىسى كونترول قىلىدۇ.

ــ تاغىل ئاسلانغا ساقچىخانىدىن جىددىي تېلېفون كېلىپ سۈۋەرەكنى سىرتقا ئاچىقىپ تاشلىۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگىنى بەلەن ئىش بوپتۇ، ــ دېدى قوزا.

ــ راست، راست، ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق كاماندىروپكىسى تولىمۇ خاسىيەتلىك بوپتۇ، بولمىسا بىز مۇنداق يېڭى بىلىملەرنى بىلەلەيتتۇقمۇ، ــ دېدى مايمۇن كۈلۈپ.

# تەمساھنىڭ دوستى

ئۆردەك چۆجىسى ئۆيىدىن چىقىپ ئىغاڭلاپ مېڭىپ كۆل بويىغا كەلدى. ئۇنىڭ پۇتى قىسقا ھەم بەدىنىگە يېقىن بولغاچقا، بەدىنىنى كەينىگە قىلىپ مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندىلا ئاندىن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالايتتى. ئۇنىڭ يول ماڭغان ۋاقتىدىكى قىياپىتى خۇددى مەغرۇر گېنىرالغا ئوخشايتتى.

ئۆردەك چۆجىسى سۈزۈك كۆل سۈيىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەكسىگە قارىغىنىچە ھەم ياپىلاق، ھەم كەڭ تۇمشۇقى بىلەن پەيلىرىنى تاراشقا كىرىشتى. ئاندىن قۇيرۇقىدىكى ماي بېزىنى سىقىپ ئۇنىڭدىن چىققان مايىنى پەيلىرىگە سۈرتتى. ئۇنىڭ ياپىلاق كەڭ تۇمشۇقى پەيلەرنى تاراش ۋە مايلاشقىلا ئەمەس، قۇلۇلە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشكىمۇ ناھايىتى ئەپلىك ئىدى.

ئۆردەك چۆجىسى مايىنى بەدىنىگە تەكشى سۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن سۇدىكى ئەكسىگە رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى ـ دە، يېنىككىنە سەكرەپ سۇغا كىردى. يول ماڭغاندا ئۇنى كېلەڭسىز كۆرسىتىدىغان قىسقا پۇتى ۋە پەنجىسى ئارىسىدىكى يارغاق پەردىسى مانا ئەمدى سۇ

ئۆزگەندە پالاقنىڭ رولىنى ئويناشقا باشلىدى. مايلانغان پەيلىرى سۇدا ھۆل بولۇپ كەتمىدى. ئۇنى ھەقىقەتەن تۇغما سۇ ئۈزۈش ماھىرى دېيىشكە بولاتتى.

ئۆردەك چۈجىسى ھۇزۇرلىنىپ سۇ ئۈزۈۋېتىپ، كۆل بويىدىكى قۇرۇپ قالغان دەرەخ شېخىدا ئولتۇرغان بىر قۇشنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بۇ قۇشنى تونۇيتتى. ئۇنىڭ پەيلىرىدە چىرايلىق كۆك رەڭ ئارىلىشىپ كەلگەچكە «كۆكتارغاق» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، سۈيى سۈزۈك دەريا - ئۆستەڭ، ئېرىق، كۆل ۋە كۆلچەكلەر ئەتراپىدا يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

كۆكتارغاق شۇ تاپتا سۇغا تىكىلگىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇ نېمىگە شۇنچە خىيالغا پېتىپ كەتكەندۇ؟ ئۆردەك چۈجىسى ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىماقچى بولۇپ يېنىغا ئۈزۈپ باردى.

ھە، ئەسلىدە ئۇ بېلىقلارغا قاراۋاتقانىكەندە، ئۆردەك چۈجىسى بىر كىچىك بېلىقنىڭ پىلتىڭلاپ ئۈزگىنىچە سۇ يۈزىدە پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. كۆكتارغاق ئۇ بېلىقنى بايقاپ قالدى. سۇغا سەكرەپ كىرىپ ئۇچلۇق تۇمشۇقىنى بېلىققا بېگىز دەك سانجىدى - دە، يەنە دەرھال دەرەخ شېخىغا ئۇچۇپ چىقىپ بېلىقنى پۈتۈنلا يۇتۇۋەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كۆكتارغاق ئاكا، غىزايىڭىز ئوبدان بولدىغۇ،— دېدى ئۆردەك چۈجىسى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،— دەپ سالام قايتۇردى كۆكتارغاق.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا بىردەم پاراڭلاشتى. ئۆردەك چۆجىسى كۆكتارغاق بىلەن خوشلىشىپ قايتاي دەپ تۇرۇشىغا، كۆلنىڭ ئۇلارغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر يېرىدىن بىر تىمساھنىڭ ئۆمىلەپ قىرغاققا چىقىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى.

«بۇ ئەبلەخ نېمە ئىش قىلماقچىكىنە؟» ئۆردەك چۆجىسى ئىلگىرى بىر قېتىم تىمساھنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان بولغاچقا، تىمساھ بار كۆلدە سۇ ئۈزگەندە بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتى.

ئۇ تىمساھتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى. تىمساھ كۈن نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇرغان يەرگە كېلىپ سوزۇلۇپ ياتتى. خېلى ئۇزۇنغىچە قىمىرلىمىدى. ئەمما، ئېغىزىنى چوڭ ئېچىۋالغانىدى.

— ۋوي، سەن تىمساھنىڭ ئۇخلىغىنىنى كۆرمىگەنمۇ، ئۇنىڭغا ئەجەب قاراپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى كۆكتارغاق.

— ئۇخلىسىمۇ شۇنداق ئۇخلامدۇ، ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىۋاپتىغۇ، — دېدى ئۆردەك چۆجىسى.

— بۇ ئۇنىڭ ئۇخلاش ئادىتى، — دېدى كۆكتارغاق چۈشەندۈرۈپ، — دۇنيادىكى ھايۋانلارنىڭ ئۇخلاش ھالىتى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن، ئاق قوتان بىلەن ئانا توز ئۇخلىغان چاغدا دائىم «يىگانە پالۋان»دەك گەۋدىسىنى بىر پۇتى بىلەن كۆتۈرۈپ، يەنە بىر پۇتىنى تۈگۈپ، بوينىنى كەينىگە بۇرۇۋېلىپ، تۇمشۇقىنى

قاناتلىرىنىڭ ئاستىغا تىقىپ ئۇخلايدۇ. بېلىق كۆزىنى ئېچىپ تۇرۇپ ئۇخلايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قاپىقى يوق، مۈشۈكياپىلاق كۈندۈزى ئۇخلايدۇ، ئەمما دائىم بىر كۆزىنى ئوچۇق قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغان قۇشلار تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، كۈندۈزى ئارام ئالىدۇ، چۈنكى كۈندۈزدىكى كۈن نۇرىنىڭ ئۇنىڭ كۆزىگە بولغان غىدىقلىشى بەك كۈچلۈك بولغاچقا ماسلىشالمايدۇ، شۇڭا كۆزىنى يۇمۇپ ئارام ئالىدۇ، ئۇ بىرەر شەپىنى ئاڭلىغاندىلا بىر كۆزىنى ئېچىپ قانداق ئىش يۈز بەرگەنلىكىگە قاراپ باقىدۇ. قۇندۇز كۈندۈزى ئۆڭدا يېتىپ ئۇخلايدۇ...

— ھەقىقەتەن قىزىقارلىقكەن، مەن ئاڭلىماپتىكەنمەن، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى ھەيران بولۇپ.

— تىمساھ بىر تەرەپتىن ئۇخلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېغىزى ئارقىلىق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەيدۇ، — دېدى كۆكتارغاق، — چۈنكى، تىمساھنىڭ ئېغىزى تەبىئىي «ھاۋا تەڭشىگۈچ»كە ئوخشايدۇ. ھاۋا سوغۇق چاغلاردا تىمساھ قىرغاققا چىقىپ ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ. ھەمدە ئېغىزىنى چوڭ ئېچىپ قان تومۇرلىرىغا تايىنىپ كۈن نۇرىدىكى ئىسسىقلىقنى سۈمۈرىدۇ. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەندە سۇغا چۆشۈپ بېشىنى چىقىرىپ ئېغىزى ۋە تىلىدىكى سۇنىڭ پارلىنىشىغا تايىنىپ بەدىنىدىكى ئىسسىقلىقنى تارقىتىدۇ.

ئۆردەك چۈجىسى تىمساھنىڭ بۇ ئىقتىدارىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە ئىختىيارسىز قاراپ قويدى. تىمساھ

ھېلىمۇ مىدىرلىماي ياتاتتى. شۇ چاغدا بىر قۇش ئۇچۇپ كەلدى ـ دە، تىمساھنىڭ ئوچۇق ئاغزىغا قوندى.

ــ ئاپلا، بۇ قۇش تىمساھنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدىغان بولدى.

ئۆردەك چۈجىسى ئۇ قۇشتىن بەك ئەنسىرىدى. قىرغاققا ئىتتىك چىقىپ قانىتىنى كۈچلۈك قېقىپ ۋارقىرىدى:

ــ ھاي، جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ، دەرھال ئۇچۇپ كەت...

ــ بولدى، ۋارقىرىما، ئۇنى چۆچۈتىۋەتمە، ــ دېدى كۆكتارغاق.

كۆكتارغاقنىڭ گېپى ئۆردەك چۈجىسىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ قانىتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قېقىپ ۋارقىراپ كەتتى:

ــ تېز بول، ئۇچۇپ كەت...

ھېلىقى قۇشمۇ خەتەرلىك ئەھۋالنى سەزگەن چېغى، تىمساھنىڭ ئېغىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ توختىماي سايرىدى. تىمساھمۇ ئويغىنىپ ئېچىۋالغان يوغان ئېغىزىنى يۇمدىدە، ئۆمىلەپ سۇغا كىرىپ غايىب بولدى.

ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ــ كۆكتارغاق خاپا بولۇپ كەتتى، ــ بىكاردىلا ئۇ قۇشنى بىر ۋاق تاماق يېيىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلدىڭ.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئۇ، تىمساھقا يەم بولۇپ كېتەي دەۋاتسا، يەنە ئۇنى تاماق يېيىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلدىڭ، دەپ مەندىن خاپا بولۇۋاتىسىزغۇ؟

— ئۇ دېگەن تىمساھنىڭ دوستى، ئۇ تىمساھقا ياخشى ئىش قىلىپ بەرسە، تىمساھ ئۇنى نېمىشقا يېگۈدەك،— دېدى كۆكتارغاق.

— مېنى ئىلەشتۈرۈۋەتتىڭىزغۇ،— دېدى ئۆردەك چۈجىسى كۆكتارغاقنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي.

— نۇرغۇن ھايۋانلار ئۇخلىغاندا كۆشەندىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ بىخەتەرلىككە بەك دىققەت قىلىدۇ. مەسىلەن، كىرپە ئۇخلىغاندا تۈگۈلۈپ، بەدىنىنى دۈگىلەك توپ ھالىتىگە ئەكېلىپ بۇرنىنى سىرتقا چىقىرىپ ياتىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۇخلىغاندا ھېچنەرسىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، ھەتتا بەزىدە خورەكمۇ تارتىدۇ. ئارقار (ياۋا قوي) بىلەن توشقان يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ مېزىلىك تائامى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ دەككە - دۈككىدە ئۇخلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى نۆلگە باراۋەر بولۇپ، ھەر كۈنلۈكى 20 - 30 قېتىم مۈگدەيدۇ. بىراق، ئارقار ياخشى دوستى سۇغۇر بىلەن بىللە بولغاندا «ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ» خاتىرجەم ئۇخلىيالايدۇ. سەۋەبى، سۇغۇر ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، خېلى يىراقتىكى شەپىنىمۇ سېزەلەيدۇ. ئۇ، ئارقارنىڭ «مۇھاپىزەتچىسى» بولۇپ، «باشقىچە ئەھۋال» سېزىلىش بىلەن تەڭ قاتتىق چىرقىراپ ئارقارنى ئويغىتىپ دەرھال قاچۇرۇۋېتىدۇ،— كۆكتارغاق بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— تىمساھنىڭ ئۇخلىشى ئالاھىدە، ئۇ كۈندۈزى ئاغزىنى ئېچىپ قويۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىدۇ. تىمساھنىڭ

يېقىن دوستى ــ تىمساھ قۇشى (چىش كولىغۇچ قۇش) دەرھال ئۇچۇپ كېلىپ تىمساھنىڭ يوغان ئېغىزىغا كىرىپ، ئۇنىڭ چىشلىرى ئارىسىدىكى قالدۇق يېمەكلىكلەرنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. تىمساھنىڭ ئېغىزىمۇ تازىلىنىدۇ. ئەمما، تىمساھ ئۇخلاۋېرىدۇ. دۈشمەن سېزىلىشى بىلەنلا تىمساھ قۇشى ۋارقىراپ تىمساھنى ئويغىتىدۇ. بۇ چاغدا تىمساھ خەتەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەرھال سۇغا كىرىۋالىدۇ. تىمساھ قۇشى تىمساھنىڭ ھەقسىز ھەرىكەتچان چىش كولىغۇچى بولغاچقا، تىمساھ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى دوستى قاتارىدا كۆرىدۇ.

ــ ئەمدى بىلدىم، ــ دېدى ئۆردەك چۈجىسى، ــ تىمساھ ئاغزىنى ئېچىپ ئۇخلىغاندا قوش نەپكە ئېرىشىدىكەندە.



# ئاجايىپ يىمەكلىك

ئوغلاق ئادىتى بويىچە سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يوتقان - كۆرپىلىرىنى رەتلىك يىغدى، ھويلىنى سۈپۈرۈپ سۇ سەپتى. ئاندىن يۈزىنى يۇيۇپ ناشتىغا ئولتۇردى.

ئۇ ناشتا قىلىپ بولۇپ، داستىخاننى يىغقان چاغدا سائەت ئەمدىلا يەتتە بولغانىدى. «مەدەنىيەت سارىيىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ‹ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاپ، ياشاش ماكانىنى قوغداش› تېمىسىدىكى ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا يەنە بىر سائەت بار ئىكەن. ئەتراپنى ئايلانغاچ ماڭايچۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئوغلاق يولغا چىقىپ ئالدىرىماي ماڭدى. كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغدا مايمۇننىڭ ئۆيىگە يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. «ئۇنى چاقىرىۋالايچۇ، باشقا ئىشى بولمىسا پاراڭلاشقاچ ماڭارمىز» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ مايمۇننىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدى.

مايمۇن ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن سەھەرنىڭ يارقىن كۈن نۇرىغا قاقلىنىپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ پىت بېقىشىۋاتاتتى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،ــ دەپ ئەھۋال سورىدى ئۇغلاق.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،ــ مايمۇن ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشكىلى قولىنى ئۇزىتىپ كەلدى،ــ ئىلمىي دوكلات يىغىنى باشلىنىدىغانغا خېلى ۋاقىت باركەن، شۇڭا قېرىنداشلىرىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان.

ــ باشقا ئىشىڭ بولمىسا سەيلە قىلغاچ بىللە بارارمىزمىكىن دەپ ئويلىغان،ــ دېدى ئۇغلاق.

ــ ئوبدان گەپ،ــ دېدى مايمۇن،ــ قېنى ماڭايلى. ئۇلار مايمۇننىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى.

ــ سىلەرنىڭ جەمەتتىكىلەرمۇ پاكىزلىقنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن ـ ھە؟ــ دېدى ئۇغلاق.

ــ شۇنداق،ــ دېدى مايمۇن،ــ ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

ــ بايا قارىسام، تازىلىق قىلغىلى تۇرۇپسىلەر.

ــ ئۇنداق ئەمەسقۇ؟ــ دېدى مايمۇن ھەيران بولۇپ.

ــ بايا سىلەر پىت بېقىشىپ ئولتۇرۇپسىلەرغۇ؟ــ دېدى ئۇغلاق،ــ بولدى خىجىل بولمىغىن، بەزىدە پىت بولۇپ قالىدىغان گەپ.

ــ ھە، نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى ئەمدى بىلدىم،ــ مايمۇن كۈلۈپ كەتتى،ــ بىز پىت بېقىشمىدۇق.

ــ ئۇنداقتا، قىچىشقان يەرنى تاتلاۋاتقانمىتىڭلار؟ــ دەپ سورىدى ئۇغلاق.

— ۋاي، ياق، — مايمۇن تېخىمۇ كۈلۈپ كەتتى، — بۇ بىز مايمۇنلارنىڭ بىر خىل ئۆزگىچە بولغان ئوزۇقلىنىش ئادىتى، — مايمۇن ھەيران قالغان ئوغلاقنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ قويدى، — بۇ مۇنداق ئىش، بىز دائىم تۇزغا ئېھتىياجلىق بولىمىز. چۈنكى، بىز ئادەتتە تۇزسىز نەرسىلەرنى يەيمىز. تەرلىگەندە چىققان تەر تامچىلىرىمىز قۇرۇپ تۇزغا ئايلىنىدۇ. سەن دېگەندەك بىزنىڭ ئۆزئارا «پىت بېقىشى»مىز ئەمەلىيەتتە تۇز دانچىلىرىنى تېرىپ يىگىنىمىزدۇر.

— ئاڭلىماپتىكەنمەن، بۇمۇ ھەقىقەتەن ئۆزگىچە ئوزۇقلىنىش ئادىتىكەن، — دېدى ئوغلاق.

ئۇلار شۇنداق پاراڭلىشىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئوغلاق مايمۇننىڭ قولىنى تارتتى.

— توختا، — دېدى ئۇ ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ، — ئۇ يەردە ناھايىتى مەينەت بىرسىنىڭ ئۆيى بارمىش، يېنىغا بېرىپ قالسا سېسىقلىقىغا چىداپ تۇرماق بەك تەسكەن، شۇڭا ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەيلى.

— شۇنچىۋالا مەينەت دېگۈدەك كىمكەن ئۇ زادى؟ — دېدى مايمۇن چۈشىنەلمەي. ئۇ ئوغلاق كۆرسەتكەن تەرەپنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتتى، — ئۇ بورسۇق ئىكەنغۇ، سەن ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قاپسەن، ئۇ ئادەتتە ناھايىتى پاكىز، بورسۇق دائىم قۇرۇق ئوت - چۆپ ۋە مۇخلاردىن ياسىغان «ئورۇن - كۆرپىلىرى»نى ئاچىقىپ ئاپتاپقا سالغاندىن سىرت، يەنە ئۆيىنىڭ ھاۋاسىغىمۇ ناھايىتى

كۆڭۈل بۆلىدۇ، شۇڭا «ھاجەتخانا» سىنى ئۆيىدىن خېلى يىراق جايغا سالىدۇ.

— ئەمىسە ئۇ نېمانداق سېسىق پۇرايدۇ، — دېدى ئوغلاق مايمۇننىڭ سۆزىگە تازا ئىشىنەلمەي.

— بورسۇق خەتەرگە يولۇققاندا ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشقۇدەك سېسىق پۇراق چىقىرىدۇ، ئىلگىرى سېنى ئۇقۇشماستىن «دۈشمەن» دەپ ئويلاپ قىلىپ قوغدىنىش ئۇچۇن سېسىق پۇراق چىقارغان گەپ، — دېدى مايمۇن، — سېنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، دوست بولۇپ قېلىڭلار. شۇ چاغدا ئۇنىڭ پاكىزلىقىنى بىلىپ قالىسەن.

— تونۇشۇشنى كېيىنگە قالدۇرايلى، — دېدى ئوغلاق، — مانا، تاغىل ئاسلاننىڭ ئۆيىگىمۇ ئاز قالدۇق، ئۇنى چاقىرىۋېلىپ ماڭايلى.

— ماقۇل، — دېدى مايمۇن، — راست گەپنى دېگەندە پاكىزلىقتا تاغىل ئاسلانغا يېتىدىغانلار ئاز جۇمۇ، ئۇ ھەر كۇنى ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ يۇيۇنىدۇ.

— شۇنداق، — دېدى ئوغلاق، — گەپ بىلەن بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ كېلىپ قاپتىمىز.

— قارا، قارا، تاغىل ئاسلان يەنە تازىلىق قىلغىلى تۇرۇپتۇ، — مايمۇن قولى بىلەن تاغىل ئاسلاننىڭ ئۆيىنى ئىشارەت قىلدى.

— بولدى تېخى چاقىرما، ئۇ تازىلىقىنى قىلىۋالسۇن، — دېدى ئوغلاق.

ئۇلار ئاۋايلاپ مېڭىپ تاغىل ئاسلاننىڭ يېنىغا كەلدى. تاغىل ئاسلان ئىشىك ئالدىدىكى كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرغان جايدا ئولتۇرۇپ، ئالقىنىنى شۆلگىيى بىلەن ھۆل قىلىپ قۇلىقى ۋە كۆزىنىڭ ئەتراپلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن تىلى بىلەن بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى يالاپ چىقتى. كۈن نۇرىدا تۈكلىرى پارقىراپ كەتتى.

— دېمىدۇقمۇ، ئۇ پاكىزلىقنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى ئوغلاق.

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، — تاغىل ئاسلان ئۇلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— بىز پاكىزلىقىڭ توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىمىز، — دېدى مايمۇن ۋە ئوغلاق بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— خاتا چۈشىنىپ قاپسىلەر، سىلەرلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر تۈكىمىزنى يالىغىنىمىزغا قاراپ بىزنى «يۇيۇنىۋاتىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، بىزنىڭ تۈكىمىزدە بىر خىل ئالاھىدە ماددا بولۇپ، ئۇ كۈن نۇرىنىڭ تەسىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە ۋىتامىنغا ئۆزگىرىدۇ. تۈكىمىزنى يالىغىنىمىز ۋىتامىن يېگىنىمىز، يۇيۇنغىنىمىز ئەمەس.

— چۈشەندىم، — دېدى ئوغلاق، — بۇمۇ خۇددى مايمۇنلارنىڭ تۇز يېگىنىدەك ئۆزگىچە ئوزۇقلىنىش ئادىتىكەن.

ئۇلار بۈگۈن كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەشكەچ مەدەنىيەت سارىيى تەرەپكە يول ئېلىشتى.

# ئانا ـ بالا كاككۇكلار

مايمۇننىڭ ئىشكنى چەكمەيلا ئۇسۇپ كىرىشى ئورمان ساقچىخانىسىدىكى ئىشخانىسىدا دېلو ھۆججەتلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان تاغىل ئاسلاننى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى.

ــ كاككۇك ئائىلىسىدە چاتاق چىقىپتۇ، ــ دېدى مايمۇن.

دوستىغا كايىشنى ئويلىغان تاغىل ئاسلان مايمۇننىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى بېسىۋالدى.

ــ كاككۇك ئائىلىسىدە نېمە ئىش بوپتۇ، ئالدىرىماي سۆزلىمەمسەن؟ ــ دېدى ئۇ.

ــ كاككۇك ئانا ئاغرىپ قاپتۇ، ئەمما كاككۇك خېنىم تۇرمۇشتا ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغان ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقتا يوق، قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەپتۇ. شۇڭا، سىنى كاككۇك خېنىمنى تېپىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قويارمىكىن، دەپ ئىزدەپ كېلىشىم.

ــ مۇشۇنداقمۇ ۋاپاسىز بالا بولامدۇ؟ ــ دېدى تاغىل ئاسلان چىچىلىپ، ــ سەن پىلنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ كاككۇك ئانىنىڭ كېسىلىنى كۆرگەچ تۇرسۇن، مەن كاككۇك خېنىمنى ئىزدەي.

تاغىل ئاسلان كاككۇك خېنىمنى ئاسانراق تاپقىلى بولىدۇ دەپ ئويلىغان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ساقچى ئەپەندى، — دېدى بىرەيلەن ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ.

تاغىل ئاسلان بېشىنى كۆتۈرۈپ، قۇرۇپ ئۇشتۇلۇپ كەتكەن دەرەخ شېخىدا ئولتۇرغان غورۇلايخاننى كۆردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دەپ سالام قايتۇردى ئۇ. غورۇلايخان قونۇۋالغان شاخنىڭ يېنىدىكى تىكەندە بىر تال قوڭغۇز ئىلىغلىق تۇراتتى.

«غورۇلايخان يەنىلا كونا ئادىتىدىن قالماپتۇ - دە» دەپ ئويلىدى تاغىل ئاسلان. ئۇ غورۇلايخاننىڭ ئورمان ياقىلىرى ۋە شالاڭ دەرەخزارلىقتا ياشايدىغانلىقىنى، دائىم ئېگىز شاخلارغا قونۇۋېلىپ چىرقىراق ئاۋازدا سايرايدىغانلىقىنى، چاشقان، پاقا ۋە يەر بېغىرلىغۇچىلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەمدە تۇتۇۋالغان ئولجىسىدىن ئالدىرىماي بەھرىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى دەرەخنىڭ پۇتىقىغا ئىلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— بۇ ياقلارغا كېلىپ قاپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى غورۇلايخان.

تاغىل ئاسلان ئۆزىنىڭ كاككۇك خېنىمنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

— كاككۇك خېنىمنى دەمسىز، ئۇ باھاردا سايراشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىر سايرىسا يېرىم سائەتتىن ئارتۇق سايرىيالايدۇ، ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تۆت تاۋۇشلۇق كاككۇكنىڭ سايرىشى تۆت بويى توختىمايدۇ، ئاۋازىنى

بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپمۇ ئاڭلىغىلى بولىدۇ، يەنە...

غورۇلايخان ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ سەل خىجىل بولۇپ قالدى.

— كەچۈرۈڭ، ساقچى ئەپەندى،— دېدى ئۇ،— دېمەكچى بولغىنىم، مەن كاككۇك خېنىمنى ئوبدان تونۇيمەن، ئۇنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. شۇڭا، ئۇنى مۇشۇ يەرگىلا چاقىرىپ ئەكېلەي.

— رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم،— دېدى تاغىل ئاسلان مىننەتدار بولۇپ.

غورۇلايخان دەرەخ پۇتىقىغا ئىلىپ قويغان ئۇلجىسىنى باشقا قۇشلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرىمەي ئۇچۇپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەيلا كاككۇك خېنىمنى باشلاپ كەلدى.

— مېنى ئىزدەپتىكەنسىز، ساقچى ئەپەندى،— دېدى كاككۇك خېنىم تاغىل ئاسلانغا يېقىن بىر دەرەخ شېخىغا قونۇپ. كاككۇك خېنىمنىڭ كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى. تاغىل ئاسلاننىڭ ئۆزىنى نېمىگە ئىزدىگەنلىكىگىمۇ قىزىققاندەك قىلمايتتى. تۇرقىدىن بىر خىل بىپەرۋالىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئاڭلىسام، ئانىڭىز كاككۇك خانىم ئاغرىپ قاپتۇ،— تاغىل ئاسلان ئىمكانقەدەر ئاۋازىنى سىلىق-سىپايە چىقىرىشقا تىرىشتى،— بىلەمسىز، ھەرقانداق كىشى مۇشۇنداق ئەھۋالدا باشقىلارنىڭ كۆيۈنۈشىگە

بولۇپمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا موھتاج بولىدۇ.

— بۇنى بىلىمەن، ساقچى ئەپەندى، — دېدى كاككۇك خېنىم بوش ئاۋازدا، — بىراق، كىممۇ ئۆزىنى باقمىغان ئانىسىغا مېھرىنى بېرىشنى خالايدۇ دەيسىز.

— نېمە؟ — تاغىل ئاسلاننىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — سىزنى ئانىڭىز باقمىغانمۇ؟

— ئۇ توغرا دەيدۇ، ساقچى ئەپەندى، — دېدى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە جىمجىت قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان غورۇلايخان، — كاككۇك خېنىم باشقا قۇشنىڭ، يەنى سۇڭگۇچ ئايىمنىڭ ئۇۋىسىدا چوڭ بولغان.

— قۇشلار ئىچىدە مۇشۇنداقمۇ ئىش باركەندە، — دېدى تاغىل ئاسلان ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

— كاككۇك ئانا قۇشلار ئىچىدىكى ئەڭ ھورۇن قۇش، شۇڭا ئۆزى ئۇۋا ياسىماي تۇخۇمىنى باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا تۇغۇپ قويىدۇ. باشقا قۇشلار ياردەملىشىپ ئۇنىڭ تۇخۇمىنى باسىدۇ ۋە تۇخۇمدىن چىققان چۈجىلىرىنى باقىدۇ. بۇنداق ھادىسە «چاڭگا پارازىتلىقى» دېيىلىدۇ. بۇ بىز قۇشلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن نومۇسلۇق ئىش.

— كاككۇك ئانىنىڭ ھىيلە - مىكرى قانداقسىگە ئەمەلگە ئېشىپ قالىدۇ؟ — دېدى تاغىل ئاسلان.

غورۇلايخان ئۆزىمۇ كاككۇك ئانىنىڭ بىر ئوغلىنى بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. شۇڭا، دادىلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— كاككۇك ئانا تۇخۇم تۇغۇشتىن بۇرۇن، ھەر ۋاقىت باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىدىكى تۇخۇمنىڭ قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى كۆزىتىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ تۇخۇمىغا ئوخشايدىغان تۇخۇمنى ئۇچراتسا تۇيدۇرماي تۇخۇمنى باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا تۇغۇپ قويىدۇ. ئۇۋىنىڭ ئىگىسى سىرتقى شەكلى ئوخشاش تۇخۇمنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ ئوخشايدۇ دەپ، ئاۋۋالقىدەكلا تۇخۇمنى بېسىپ چىقىرىدۇ. ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمەيدۇ. نەتىجىدە بىكارغىلا ئۇنىڭغا ئانا بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ بېرىدۇ.

— ئۇۋىسىدا بىرەر تۇخۇم كۆپىيىپ قالغىنىنى سەزمىسە قانداق بولغىنى؟ — دېدى تاغىل ئاسلان. ئۇ ساقچىلارغا خاس ھوشيارلىق بىلەن ھەر بىر تەپسىلاتقىچە ئېنىقلاپ ئادەتلەنگەنىدى، — بۇ پەسكەشلىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا باشقا قۇشلارنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بار.

— كاككۇك ئانا بەك رەھىمسىز، ئۇ باشقا قۇشنىڭ تۇخۇملىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئاندىن ئۆز تۇخۇمىنى تۇغىدۇ، — غورۇلايخان ئالدىراپ چۈشەندۈردى، — «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەن تەمسىل بار. رەھىمسىزلىكتە كاككۇك چۈجىسى ئانىسىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. كاككۇك چۈجىسى پارازىت ياشاۋاتقان ئۇۋىدا باشقا قۇش چۈجىلىرىدىن بۇرۇن تۇخۇمدىن چىقىدۇ. ئۇ تېخى كۆزى ئېچىلماي تۇرۇپلا باققان ئاتا ـ ئانىسى يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئۇۋا ئىگىسىنىڭ تۇخۇملىرى ۋە

چۈجىلىرىنى ئىتتىرىپ ئۈۋىدىن تاشلىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۇنى باققان ئاتا ـ ئانىسى ئاشۇ كاككۇك چۈجىسىنىلا باقىدۇ.

غورۇلايخان كاككۇك ئانىنىڭ ئوغلىنى بېقىش جەريانىدا ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتكەن پەرزەنتلىرىنى ئەسلەپ ھەسرەتلىك تىندى.

ــ ساقچى ئەپەندى، ئېيتقىنىڭىزدەك، كاككۇك ئانىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا باشقا قۇشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى باردۇر، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى غورۇلايخان، ــ ئۇلار تۇخۇمدىن چىققان كاككۇك چۈجىسىنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن نېمىشقا ئۇنى بېقىشتىن ۋاز كەچمەيدۇ ياكى ئۇنى چوقىلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆز بالىسىنىڭ قىساسىنى ئالمايدۇ؟ بۇ يەردىكى مەسىلە ــ دەل مېھىر ـ مۇھەببەتتۇر. ئۇلاردىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ئۆچمەنلىكنى بېسىپ كەتكەن. بالىلىرىنىڭ قاتىللىنى ئۆزلىرى بېسىپ تۇخۇمدىن چىقارمىدىمۇ، كاككۇك چۈجىسى باققان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پەرۋىشى بىلەن چوڭ بولۇپ ئۈۋىغا كەپلىشىپ قالىدۇ، باققان ئاتا ـ ئانىسى ئىلاجىسىز كاككۇك چۈجىسىنىڭ بەدىنىگە قونۇپ تۇرۇپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ. نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ يەنىلا كاككۇك چۈجىسىنىڭ ساغلام قاتارغا قېتىلىشى ئۈچۈن. بىراق، كاككۇك چۈجىسى چوڭ بولۇۋېلىپلا ئۇچۇپ كېتىۋېرىدۇ، باققان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتىشنىمۇ بىلمەيدۇ.

— مېھىر - مۇھەببەت بولغاچقىلا دۇنيا گۈزەل، — دېدى تاغىل ئاسلان. ئۇ قۇشلارنى ئەيىبلىگەنلىكىگە خىجىل بولغانىدى.

— قۇشلار ئىچىدىمۇ باققان ئاتا - ئانىسىغا كۆيۈنىدىغان ۋاپادار قۇشلارمۇ بار، — دېدى غورۇلايخان، — ئۇلار قۇشلار چوڭ بولغاندىن كېيىن ئانىسىغا ۋاپادارلىقنى يەتكۈزىدۇ، كەچتە ئۆيگە قايتقاندا دائىم قۇرتلارنى چىشلەپ كېلىپ ئانىسىغا يېگۈزىدۇ. جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مىلى قۇشى ئانىسىغا بەكمۇ كۆيۈندۇ، ياش مىلى قۇشلىرى ئانىسىنىڭ ياخشى ئۇخلىشى ئۈچۈن، بىرلىكتە ئۇۋا ياساپ ئورۇن راسلاپ بېرىدۇ...

غورۇلايخاننىڭ سۆزىنى كاككۇك خېنىمنىڭ يىغىسى ئۈزۈۋەتتى.

— ساقچى ئەپەندى، مەن سىزنى ئاۋارە قىپتىمەن، غورۇلايخان ئانا، سىزگىمۇ كۆپ رەھمەت، — كاككۇك خېنىم يېشىنى قانتىدىكى يۇمران پەي بىلەن سۈرتتى، — مەن خاتا قىلغانلىقىمنى چۈشەندىم. مەن چوقۇم مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان سوگگۈچ ئايىم ئانامغا ۋاپادارلىقىمنى يەتكۈزىمەن. گەرچە مەن مۇشۇنچىلىك بولغىچە ھېچقانداق ئەجىر سىڭدۈرۈپ باقمىغان ئۆز ئانامنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن.

تاغىل ئاسلان بىلەن غورۇلايخاننىڭ چېھرىدە سۆيۈنۈش جىلۋىسى پارلىدى.

# جاپاكەش ئانا

تاغىل ئاسلان دوستلىرى بىلەن ئورمانلىقتىكى كۆل بويىغا يىغىلىپ خۇشال بىر كۈننى ئۆتكۈزدى.

— بۈگۈن بەك كۆڭۈللۈك ئوينىدۇق، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى.

— شۇنداق، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ، ئەمدى قايتايلى، — دېدى مايمۇن ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ كۈنگە قارىغىنىچە.

ئۇلار ئورمانلىقنىڭ چېتىدىكى شالاڭ دەرەخلەر ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن ئۆيلىرىگە ماڭدى.

— ۋوي، دەرەختىكى ئاۋۇ نەرسە نېمە؟ — دېدى ئوغلاق ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ.

ئۇن نەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى شاخلىرى چىغىر يول ئۈستىگە يېيىلىپ تۇرغان ياۋا مېۋىلىك دەرەخنىڭ يانتۇ ئۆسكەن غولىدىن بىر مەخلۇق چۈشۈۋاتاتتى.

— ئۇ تىيىنكەنغۇ، — دېدى كۈچۈك.

— ئۇنىڭ پاخپىيىپ تۇرغان يوغان قۇيرۇقى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى مايمۇن.

شۇ ئارىدا ھېلىقى مەخلۇق دەرەخ غولىدىن پەسكە

چۇشۇپ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى.

— ئۇ بىر چاشقانكەن، — دېدى قوزا سىنچىلاپ قاراپ.

— لېكىن بۇ كاساپەت بەك يوغانكەن، قاراڭلار، بويى يېرىم مېتىر كەلگۈدەك.

— مەن چاشقان بىلەن قەتئىي چىقىشالمايمەن، — دېدى تاغىل ئاسلان، — ئۇ ئەبلەخ يەنە بىرەر يامان ئىشنى قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، مەن ئۇنى تۇتاي، سىلەر ساقلاپ تۇرۇڭلار.

— ئۇ چاشقانغا ئوخشىمايدىكەن، ياۋۇز مەخلۇق بولۇپ قالمىسۇن يەنە، ئېھتىيات قىلغىن، — دېدى قارا كۆز بۆغا.

— ئۇنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارىم يوق، ئۇ يامان ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىكەن چوقۇم تۇتىماي قويمايمەن، — تاغىل ئاسلان شۇنداق دەپلا ھېلىقى مەخلۇق تەرەپكە ئېتىلدى.

— مەن تاغىل ئاسلاننىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى، — ئۇ ئۆزىدىن چوڭ رەقىبلىرىگە يولۇقۇپ قالسا ئادەتتە قېچىپ كېتىدۇ، مۇبادا چېكىنىش يولى قالمىغان بولسا، ئۆتكۈر تىرنىقى ۋە چىشلىرىغا تايىنىپ ئۇرۇشىدۇ. مەن ئىلگىرى غالجىر بولۇپ قالغان يوغان بىر ئىتنىڭ ئۇنىڭدىن يېڭىلىپ قاچقىنىنى كۆرگەن.

— بۇ ئىشنى ئۇنىڭغىلا تاشلاپ قويساق بولمايدۇ.

بىزمۇ ھە ـ ھۇ دېيىشىپ مەدەت بەرمەيمىزمۇ؟ ــ دېدى كۈچۈك.

بىر قانچەيلەننىڭ بىرلا ۋاقىتتا تۇشمۇتۇشتىن قاپساپ كېلىشى بىلەن ھېلىقى مەخلۇق قېچىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇ ھەقىقەتەن بىر چاشقانىدى. قۇيرۇقى بەدەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى. قاپقارا كۆزلىرى بويىغا قارىغاندا بەكلا كىچىك ئىدى. تۇرقىدىن ئىنتايىن جىددىيلىشىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆڭدىسىغا يىقىلدى، يوغان ئېچىلغان ئاغزىدىن تىلى چىقىپ قالدى. تۆت پۇتى ياغاچتەك قېتىپ، قورسىقى كۆپۈپ كەتتى.

ــ ئۇ ئۆلۈپ قالدىمۇ نېمە؟ ــ دېدى مايمۇن.

ــ نېمىشقا ئۆلۈپ قالاتتى، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلمىغان تۇرسا، ــ دېدى ئوغلاق.

ــ بۇ ئۇنىڭ بىر قوغدىنىش ئۇسۇلى، ــ دېدى بۇغا، ــ توشقان خەتەرگە يولۇقۇش ئالدىدا، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتىدۇ. سۇغۇر چوڭقۇر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالىدۇ. تىيىن ئېگىز دەرەخكە چىقىۋالىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ ياشاش ماھارىتى.

ــ ۋاھ، بۇنى «ھەزىلكەش چاشقان» دېسەك بولغۇدەك، ــ دېدى كۈچۈك.

ــ ئۇ يالغاندىن ئۆلۈۋېلىش ھىيلىسىنى ئىشلەتكەندەك قىلمايدۇ، ــ قوزا «ھەزىلكەش چاشقان»نىڭ يېنىغا كېلىپ قولىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا، ئاندىن يۈرىكىگە تۇتتى، ــ ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى ۋە

يۈرەك سوقۇشىمۇ توختاپ قاپتۇ، بىرەر خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقمىسۇن، بىكاردىنلا باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ ئۇۋالىغا قالمايلى، دوختۇر پىلغا تېزرەك خەۋەر بېرىۋېتەيلى.

— بۇ ئىشنىڭ باش سەۋەبكارى مەن، پىلنى مەن چاقىرىپ كېلەي، — تاغىل ئاسلان شۇنداق دەپلا دوختۇرخانا تەرەپكە ئۇچقاندەك چاپتى.

پىل يېتىپ كەلگەن چاغدا قوزا «قۇتقۇزۇش ساۋاتلىرى قوللانمىسى»دىن ئۆگىنىۋالغان ئۇسۇل بويىچە قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

— ئەنسىرىمەڭلار، — دېدى پىل تەكشۈرۈشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، — ئۇ بەك قورقۇپ كېتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. باشقا ئەزالىرى ساقكەن. ئۇ تەخمىنەن ئىككى سائەتتىن كېيىن ئەسلىگە كېلىدۇ.

پىل ئۇنىڭغا بىر تال ئوكۇل ئۇردى.

— بۇ خالتىلىق چاشقانكەن، — دېدى ئۇ، — ئۇ ئامېرىكا قىتئەسى ئىسسىق بەلباغ ئورمىنىدا ياشايدىغان خالتىلىق ھايۋان، ئادەتتە ھاشارات بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بەزىدە شىرنىلىك مېۋە ۋە يۇمران يوپۇرماقلارنىمۇ يەيدۇ. ئۇ بەك ياۋاش، باشقىلارغا زىيىنى تەگمەيدۇ.

— بىزمۇ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمىگەن، — تاغىل ئاسلان خالتىلىق چاشقاننىڭ ھوشىدىن كېتىشىگە ئۆزىنى سەۋەبچى دەپ ئويلاپ بىئارام بولۇپ كەتتى.

— راست، بىز ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمىگەن، — دېدى قوزا، — بىراق، ئۇ نېمىشقا ھوشىدىن كەتكەندۇ؟

— ئۇ بىر جاپاكەش ھەم كۆيۈمچان ئانا، — دېدى پىل، — خالتىلىق چاشقاننىڭ بالىلىرى ناھايىتى كىچىك تۇغۇلىدۇ، ھەتتا چوڭ سېرىق ھەرىدىنمۇ كىچىك بولىدۇ، ئۇلار ئانىسىنىڭ خالتىسىغا يېپىشىپ تۇرىدۇ. ئانا چاشقانمۇ قەيەرگە بارسا بالىلىرىنى بىللە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بالىلىرى كۆپ بولغاندا ئوندىن ئاشىدۇ ھەمدە خالتا ئىچىدە قىستىلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئەمچەك توغرا كېلىدۇ. خالتىلىق چاشقان كۈچلۈك رەقىبىگە يولۇققاندا ھەم قېچىپ كېتەلمىگەندە ئەلۋەتتە قورقۇپ كېتىپ ھوشىدىن كېتىدۇ ـ دە.

— بالىلىرى بىلەن خەتەرگە يولۇققاندا بالىلىرىنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ ھوشىدىن كەتمەيدىغان ئانا بولمىسا كېرەك، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى.

— ئانىسى ھوشىدىن كەتسىمۇ بالىلىرى سىرتقا چىقمايدىغۇ؟ خالتىسى ئىچىدە بىرەر شەپە باردەكمۇ قىلمايدۇ، — دېدى كۈچۈك.

— بالا چاشقانلار خالتا ئىچىدە مىدىرلىماي جىم تۇرىدۇ. ئانا چاشقان ئاۋاز چىقىرىپ سىگنال بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاندىن خالتىدىن ئۆمىلەپ چىقىدۇ.

— مەن بۇ ئوماق چاشقانلارنى كۆرۈپ باقايچۇ، — مايمۇن خالتىلىق چاشقاننىڭ قورسىقىدىكى خالتىغا قولىنى سېلىشقا تەمشەلدى.

— ئۇنىڭغا تەگمە، ئۇلارنى چۆچۈتىۋېتىسەن، — دېدى پىل مايمۇننىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ.

— ئۇلار قاچانغىچە خالتا ئىچىدە ياشايدۇ؟ — دەپ سورىدى قوزا.

— ئۇلار يوغىناپ كىچىك چاشقانچىلىك بولغاندا، خالتا ئىچى شۇنچىلىك قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتىدۇ. تەخمىنەن ئالتە ھەپتىلەردىن كېيىن، چاشقان باللىرىنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. يەنى ئۇلار ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە مىنىۋالىدۇ. ئۇلار چارچىغاندا سەنتۈرۈلۈپ مېڭىپ ئانىسىنىڭ خالتىسىغا كىرىپ ئارام ئېلىشىدۇ، ئۇلارمۇ باشقا ئەتىۋارلىق باللارغا ئوخشاشلا چوڭ بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار خالتىغىمۇ سىغماي قالىدۇ. ئانىسىمۇ ئۇلارنى يۈدۈپ ماڭالمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا باللىرى ئۆزلىرى مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلايدۇ.

پىلنىڭ گېپى ئاخىرلىشىشىغىلا خالتىلىق چاشقان ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئەمما، ئەتراپىدا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلارنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى.

— ھودۇقماڭ، — دېدى تاغىل ئاسلان، — بىز سىزگە ۋە باللىرىڭىزغا قىلچە زىيان يەتكۈزمەيمىز.

— بايا ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، — دېدى قوزا، ئاندىن ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

— مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، — دېدى تاغىل ئاسلان ئوڭ قولىنى كۆكرىكى ئۈستىگە قويۇپ سەل ئېگىلگىنىچە.

— ھېچقىسى يوق، — خالتىلىق چاشقاننىڭ كۆڭلى

جايىغا چۈشۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەنىدى، — قورقۇپ كېتىپ سىلەرنىمۇ كۆپ ئاۋارە قىپتىمەن.

— بالىلىرىڭىزنى بەك كۆرگىمىز بار، — دېدى مايمۇن.

خالتىلىق چاشقان ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئېپادىلەش قىيىن بولغان بىر خىل ئاۋاز بىلەن سىگنال بەردى. شۇئان چاشقان بالىلىرى خالتىدىن ئۆمىلەپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار ئەتراپقا قىزىقىپ قارايتتى.

— بەك ئوماقكەن، — دېدى مايمۇن ئۇلارغا ئامراقلىقى كېلىپ.

— مۇشۇنداق كۆيۈمچان ئانىنىڭ باغرىدا چوڭ بولۇش نېمىدېگەن بەخت، — دېدى بۈغا.



# كۆكتاتقا ئامراق «ئوغرى»

كۆكتاتلىققا كىرگەن زادى قانداق ئوغرىدۇ؟

ئالدىنقى كۈنى قوزىنىڭ كۆكتاتلىقىغا ئوغرى كىرىپ بەك زىيان سېلىۋەتكەنىدى. تاغىل ئاسلاننىڭ ئېيتىشىچە، ئوغرى ھېچقانداق ئىز ۋە پۇراق قالدۇرمىغاچقا، ساقچىخانىدىكى تەجرىبىلىك ئىزچى ئاپشاركىمۇ بىرەر يىپ ئۇچى بايقىيالمىغانىدى. شۇڭا، كۆپچىلىك قوزىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ بۇ ئىش توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

— قارچىغىدىن ياردەم سورايلى، — دېدى تاغىل ئاسلان، — ئۇ ئىلگىرىمۇ بىزنىڭ دېلو پاش قىلىشىمىزغا كۆپ قېتىم ياردەم قىلغان. قارچىغىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئىنتايىن ياخشى، ئېگىز ئاسماندا تۇرۇپ يەردە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئۇششاق جانىۋارلارنىمۇ كۆرەلەيدۇ. مېنىڭچە، ئۇ ئېگىز ئاسماندا تۇرۇپ ئوغرىغا بىلىندۇرمەي رازۋېدكا قىلالايدۇ.

كۆپچىلىك بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. تاغىل ئاسلاننىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن ھايال ئۆتمەيلا قارچىغا يېتىپ كەلدى.

— بۇ ئوغرىنى مەن بىلىمەن، تۇنۇگۈن قوزىنىڭ

كۆكتاتلىقىدا يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم، ــ دېدى قارچىغا تاغىل ئاسلاننىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

ــ ئۇ كىمكەن؟ ــ دەپ سورىدى كۆپچىلىك تەڭلا.

ــ ئۇ، توشقان! ــ دېدى قارچىغا.

ــ توشقان؟ ــ دېدى ھەيران بولغان تاغىل ئاسلان، ــ ئۇ دېگەن قوزىنىڭ قوشنىسىغۇ، كۆكتات ئوغرىلاپ نېمە قىلىدۇ؟ يېگۈسى كەلسە، قوزىدىن سوراپ خالىغانچە يېسە بولىدىغۇ، بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار.

ــ شۇنداق، ــ دېدى قارچىغىمۇ، ــ مەن كۆكتاتلىقتا تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئىككى توشقاننى كۆردۈم. بىلىشىمچە، ئۇلار قوزىنىڭ قوشنىسىدەك قىلمايدۇ. شۇڭا، مەن ئەجەبلىنىپ سىنچىلاپ قاراۋاتسام، ئۇلار خەۋپسىرەپ قالدى بولغاي دەرھال قاچتى. ئۇلارنىڭ بىرى، كۈنپېتىش تەرەپكە قېچىپ بىر ئۆۋىغا كىرىپ كەتتى. يەنە بىرى، قويۇق چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى.

ــ سىزنىڭ گەپلىرىڭىزگە تامامەن ئىشىنىمەن، ــ دېدى تاغىل ئاسلان بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، ــ شۇغىنىسى، سىز ئېگىز ئاسماندا بولسىڭىزمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى توشقاننىڭ قەيەرلەرگە قاچقىنىنى كۆرەلىگەنلىكىڭىزنى چۈشىنەلمەي قالدىم.

ــ مەنمۇ گاڭگىراپ قالدىم، ــ دېدى مايمۇن.

ــ مەن تاغىل ئاسلاننىڭ گۇمانىي نۇقتىلارغا سەل قارىمايدىغان ساقچىلارغا خاس تەپەككۇرىگە ناھايىتى

قايىلمەن، بۇنى سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ قوياي، — دېدى قارچىغا رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، — بۇ كۆزۈمنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۆزۈمنىڭ كۆرۈش تور پەردىسىدە ئىككى مەركىزىي ئويمان بار. ئۇ فوكۇس ئارىلىقىنى توغرا تەڭشىيەلەيدۇ. مەركىزىي ئويمانغا ئىنتايىن زىچ بولغان نۇر سېزىش ھۈجەيرىسى تارقالغان بولۇپ، ھەر بىر مەركىزىي ئويماندا تەخمىنەن بىر مىليون 500 مىڭ نۇر سېزىش ھۈجەيرىسى بولىدۇ. ھەر بىر كۆزۈمدە ئىككى مەركىزىي ئويمان بولغانلىقتىن، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل جىسىمنى كۆزىتەلەيدۇ.

— شۇڭا، قارچىغىنىڭ كۆزى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولىدىكەندە، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى.

— ئوغرىنىڭ كىملىكى ئېنىق بولدى، ئۇنى مۇشۇنداقلا بولدى قىلىۋەتسەك بولماس، — دېدى ئوغلاق.

— راست، راست، بولدى قىلىۋەتسەك بولمايدۇ، — دېدى بۇغىمۇ.

— ئۇنى تۇتۇپ جازالاش كېرەك، — دېدى تاغىل ئاسلان، — بىراق، بۇ ھىيلىگەر ئوغرىلار ئىزمۇ، پۇراقمۇ قالدۇرمىغان تۇرسا، ئۇلارنى قانداق تۇتارمىز.

— بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، ساقچى ئەپەندى، — دېدى قارچىغا، — مەن ئۇنى نەچچە سائەت ئىچىدىلا تۇتۇپ ئالدىڭىزغا ئېلىپ كېلىمەن.

— ماقۇل، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

قارچىغا خۇشلىنىشىپلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۇنى ئۇزىتىپ چىققانلار ئۇنىڭ چەبدەس ھەربىكىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى.

— ئاپلا، چاتاق ئىشتىن بىرنى قىلىپ قويدۇقمۇ قانداق، — دېدى قوزا.

— قانداق دەيسەن؟ — دېدى تاغىل ئاسلان.

— مەن قارچىغىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى خېلى بىلىمەن. ئۇنىڭ كېرىلگەن قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.3 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇ مۇشۇ كەڭ ھەم كۈچلۈك قانىتىغا تايىنىپ ئاسماندا ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىدۇ. ئەگەر ئولجىنى بايقاپ قالسىلا شىددەت بىلەن شۇڭغۇپ چۈشۈپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن چاڭگاللاپ تۇتىدۇ ھەم ئىلمەك ئۇچلۇق تۇمشۇقى بىلەن ئولجىنى تىتىپ يەيدۇ. قارچىغا توشقانلارنى تىرىك تۇتىمەن دېگەنبىلەن ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى پېتىپ كەتسە توشقانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. كۆكتاتلارنى ئوغرىلىقچە يەۋالغانغىلا ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولساق بولماس.

— بۇنى ئەجەب ئويلىماپتۇق، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى.

— قارچىغىغا ئۇچۇر بېرىۋېتەيلى، توشقانلارنى تۇتمىسۇن، — دېدى مايمۇن.

— قارچىغىغۇ ئۇچۇر بېرەرمىز، گەپ ئۇچۇرنى قوبۇل قىلىپ بولغىچە توشقانلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىسا بولاتتى.

— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، — دېدى ئوغلاق، — توشقانلارنىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ. توشقاننىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سېزىمى ئۆتكۈر، ئىنتايىن ھوشيار، شەپە بولسىلا شۇئان قېچىپ كېتىدۇ ھەم تۇيۇقسىز يۆنىلىش ئۆزگەرتەلەيدۇ. شۇڭا، بەزىدە لاچىن، قارچىغىلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇ ناھايىتى ئەقىللىك، كولىغان ئۇۋىسىنىڭ نۇرغۇن تۆشۈكى بولىدۇ. ئۇلار تۇرۇۋېسىمان يوللار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان. بىر تۆشۈكتىن كىرىپ يەنە بىر تۆشۈكتىن چىقىپ دۈشمىنىنى ئېزىقتۇرالايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ئاسانلىقچە خەۋپ يەتمەس دەپ ئويلايمەن.

— دېگىنىڭ كەلگەي، شۇنداقتىمۇ قارچىغىغا تېزرەك خەۋەر بېرىۋېتەيلى، — دېدى قوزا تىت - تىت بولۇپ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دوستلار، ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟

توساتتىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر سادا كەلدى، كۆپچىلىك ئىتتىك ئۆرۈلۈپ قاراپ، قوزىنىڭ قوشنىسى كۇل رەڭ توشقانجاننى كۆردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قوشنام، ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان تۇرۇۋېسىز؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى قوزا.

— ئالدىڭلاردا سەت بولدى، — دېدى كۇل رەڭ توشقان ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، — مەن تۇغقانلىرىمنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ئۈچۈن قوشنامدىن ئەپۇ سوراپ كەلدىم.

— قايسى تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئىشلىرى ئۇچۇن؟ — دەپ سورىدى قوزا.

— سىز بىلمەيسىز، قوشنام، — دېدى كۆل رەڭ توشقان، — ئالتايدىن ئىككى تۇغقىنىم كەلگەن، ئۇنى سىز بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدىم، ئايلىنىپ كىرەيلى، دەپ چىقىپ كېتىپ، سىزنىڭ كۆكتاتلىقىڭىزغا «ئوغرى»لىققا كىرىپتۇ ھەم يېگىنىنى يەپ، يېمىگىنىنى بېزەپ قىلىپ زىيان سېپتۇ. ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن قىلىشقان گەپلىرىدىن قىلغان يامان ئىشلىرىنى ئوقۇپ قالدىم. سىز ئەزەلدىن قوشنىلاردىن بىرەر نەرسىنى ئاياپ باققان ئەمەس، سورىساق بېرىسىز، سورىمىساقمۇ ئېغىز تېگىڭلار دەپ ئاچىقىپ بېرىسىز. ئۇلارنى كۆپ ئەيىبلىدىم. سىزدىن كەچۈرۈم سوراشقا باشلاپ كەلدىم.

— قېنى ئۇلار؟ — دەپ سورىدى قوزا ئالدىراپ.

— ئۇلار خىجىل بولۇپ يېنىڭلارغا كېلەلمىدى. مەن ئۇلارنى چاقىراي، — دېدى كۆل رەڭ توشقان.

— بولىدۇ، تېز بولۇڭ، — دېدى قوزا.

كۆل رەڭ توشقان بىردەمدىلا ئىككى ئاق توشقاننى باشلاپ كەلدى. ئۇلار كۆپچىلىك بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن قوزىدىن ئەپۇ سورىدى. قوزىنىڭ سەمىمىي مۇئامىلىسىدىن ئىنتايىن تەسىرلەندى.

— مەن ناھايىتى خۇشال، — دېدى قوزا، — بۈگۈن يەنە ئىككى دوستىمىز كۆپەيدى.

— مەنمۇ بەك خۇشال، — دېدى بۆغا.

— قېنى، ھەممەيلەن ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى قوزا.

— مەن قارچىغىغا خەۋەر قىلىۋېتەي، ئۇمۇ قايتىپ كەلسۇن، — دېدى تاغىل ئاسلان.

قوزا داستىخان سېلىپ دوستلىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلىرىنى داستىخانغا تىزدى: ئۆردەك چۈجىسىگە قۇلۇلە، مايمۇنغا بانان، بۆغا بىلەن ئوغلاققا يۇمران ئوت - چۆپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى تەييارلاندى. كۆل رەڭ توشقان بىلەن ئۇنىڭ ئىككى تۇغقانلىرىغىمۇ ئۇلار ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان يېمەكلىك — تۇرۇپ، يېسىۋېلەكلەر كەلتۈرۈلدى.

كۆل رەڭ توشقان ئوغلاقنىڭ ئۆزىگە ۋە ئىككى تۇغقىنىغا ھەيران بولۇپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئوغلاقنىڭ بىزگە نېمىشقا قاراۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. سىز بىزنىڭ يېمەكلىكنى ناھايىتى تېز چايناۋاتقانلىقىمىزغا ھەيران بولۇپ قاراۋاتىسىزغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ، — سىزگە دېسەم، توشقانلارنىڭ كۆرەك چىشى توختىماي ئۆسىدۇ، خۇددى پىچاققا ئوخشايدۇ. شۇڭا، يېمەكلىكنى ناھايىتى تېز چايناىدۇ.

— سىز ھەقىقەتەن ئەقىللىككەنسىز، كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋالدىڭىز، — دېدى ئوغلاق، — يەنە بىر ئىش، سىلەر گەرچە تۇغقان بولساڭلارمۇ كۆزۈڭلارنىڭ رەڭگى ئوخشاشمايدىكەن.

— كۆزىمىزنىڭ رەڭگى يۈگىمىزنىڭ رەڭگىگە

مۇناسىۋەتلىك. قارا توشقاننىڭ كۆزى قارا، كۆل رەڭ توشقاننىڭ كۆزى كۆل رەڭ بولىدۇ، — دېدى ئاق توشقانلاردىن بىرى جاۋاب بېرىپ.

— ئەمىسە سىزنىڭ كۆزىڭىز قىزىلكەنغۇ؟ — دېدى مايمۇن.

— كۆزىمىز ئەسلىي رەڭسىز، كۆز ئالمىمىزدا قان تومۇرلىرىمىزدىكى قاننىڭ رەڭگى ئەكس ئەتكەچكە قىزىل كۆرۈنىدۇ، — دېدى ئاق توشقانلارنىڭ يەنە بىرى.

— ئادەتتە ھەرقانداق ھايۋانلارنىڭ ئاياغ ئىزى بولىدۇ ۋە پۇرىقى قالىدۇ. لېكىن، سىلەرنىڭ ئاياغ ئىزىڭلارنى تاپالمىدۇققۇ؟ — دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان.

— ئالتاي ئاق توشقىنى يۇمشاق قارلىق دالىدا يۈگۈرسىمۇ، پەقەت ئىز قالدۇرمايدۇ، ھەتتا پۇراقمۇ قالدۇرمايدۇ. مانا بۇ ئالتاي ئاق توشقىنىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى، چۈنكى ئالتاي ئاق توشقىنى سەكرىگەندە تاپىنى يەرگە تەگمەيدۇ. پەقەت تاپىنىنىڭ ئاستىدىكى يالىغا تايىنىدۇ، تاپانغا قارىغاندا يالا ئەلۋەتتە ھېچقانداق ئىز ۋە پۇراق قالدۇرمايدۇ، — دېدى كۆل رەڭ توشقان.

— بارىكاللا، بۇ يېڭى دوستلىرىمىزنىڭ مۇنداقمۇ ئىقتىدارى باركەندە، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى.

— ھەقىقەتەن قالتىسكەن، — دېدى قوزا.

شۇنداق قىلىپ، كۆپچىلىك ناھايىتى خۇشال ھالدا بىر ۋاق تاماقنا ئېغىز تېگىشتى.

# كىچىدىكى ئالۋاستى

تاغىل ئاسلان كەچقۇرۇن ئازراق ئارا بولالىدى. ئاندىن ئىشداشلىرىغا جىددىي ئەھۋال كۆرۈلسە خەۋەر قىلىشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۆردەك چۆجىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۆردەك چۆجىسى چۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، كەچتە ئىمكانقەدەر ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېلىشىنى، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بارلىقىنى ئېيتقانىدى.

ئۇ ئۆردەك چۆجىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە مايمۇن، قوزا، ئوغلاق، كۈچۈك، بۇغا قاتارلىق دوستلىرى ئاللىقاچان كېلىپ بولغانىدى. پەقەت پىلىلا يوق ئىدى. ئۇ بىر تىببىي ئىلمىي يىغىنىغا قاتناشقىلى كېتىپ تېخى كېلىپ بولالمىغانىدى. دوستلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار يېقىندىن بېرى ئالدىراشچىلىقتا بۇرۇنقىدەك كۆپ ئەسرا بولالمايۋاتاتتى.

— بۈگۈن كۆرۈشمىسەك بولمايدىغان نېمە ئىشتى؟ — دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان.

— كەچلىك غىزا ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن، — دېدى ئۆردەك چۆجىسى.

ئۇ ئاۋۋال دوستلىرىنىڭ قولىغا سۇ بەردى. ئاندىن داستىخان سېلىپ چاي كەلتۈردى. قەنت - گېزەك

تىزدى، ئۇزاق ئۆتمەي تاۋاقلاردا مۇۋاپىق تەڭشىلىپ سىلىنغان دورا ـ دەرمەكلىرنىڭ خۇش ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ ئىشتەينى قوزغايدىغان پولو كەلتۈردى. كۆپچىلىك ئالىلى ـ باقىلى دېيىشىپ تاۋاقلارنى قۇرۇقدىدى. پىيالىنى بىر ـ بىرىگە ئەدەپ بىلەن تۇتۇشۇپ چاي ئىچىشتى. قوللار يۇيۇلۇپ داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلار ۋە باشقا تېمىلاردا قىزغىن مۇنازىرىگە چۈشتى.

— سىلەرنى چاقىرتىشتىكى سەۋەب، — دەپ گەپ باشلىدى ئۆردەك چۈجىسى، — بىرى، دوستلار جەم بولۇپ بىر ۋاق غىزا يېيىش، يەنە بىرى، سىلەرگە سالىدىغان مەسلىھەتىم بار.

— بۇ بەلەن گەپ بوپتۇ، قانداق گېپىڭ بولسا دەۋەر، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ، — دېدى قوزا.

— ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە، — دېدى ئوغلاق.

— بىز خىلى ـ خىلى چوڭ ئىشلارنىمۇ كۆپچىلىكنىڭ كۈچى بىلەن ياخشى ھەل قىلىپ كېلىۋاتىمىزغۇ، — دېدى مايمۇن.

— شۇنداق، — ئۆردەك چۈجىسى بېشىنى لىڭشىتتى، — مەنمۇ قانداق قىيىنچىلىقىم بولسا سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بىلەن ھەل قىلىپ كېلىۋاتىمەن، مەن سىلەردەك دوستلىرىمنىڭ بولغانلىقىدىن بەك خۇشال.

— بىرىمىزنىڭ ئىشى ھەممىمىزنىڭ ئىشى، گېپىڭنى دەۋەرگىن، — دېدى كۈچۈك.

— بۇ مۇنداق ئىش، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى، — يېقىندىن بېرى ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدا بىر غەلىتە مەخلۇق پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ پەقەت كېچىسىلا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاۋازى بەكمۇ قورقۇنچلۇق. سىلەرگە مەلۇم، ئۆيۈم كۆلگە يېقىنراق. بۇ ئەتراپتا قولۇم - قوشنىلارمۇ كۆپ ئەمەس. شۇڭا، سەل ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق قىياپىتى ۋە ئاۋازى كاللامغا كىرىۋېلىپ كېچىسى خاتىرجەم ئارام ئالالمايۋاتىمەن.

— ئۇ ئالۋاستىمۇ يە؟ — دېدى بۆغا.

— راست دەيسەن، ئۇ «كېچىدىكى ئالۋاستى» بولۇشىمۇ مۇمكىن، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى.

— قېنى، «كېچىدىكى ئالۋاستى» نىڭ قانداق كارامىتى بار، كۆرۈپ باقايلى، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— ئۇنىڭ پەيدا بولىدىغان ۋاقتىمۇ بولاي دېدى، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى سائىتىگە قاراپ.

— قالغىنىڭلار ئۆيدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن باراي، — دېدى تاغىل ئاسلان، — ماڭا كۈچۈك ھەمراھ بولسۇن. مەن كېچىسى نەرسىلەرنى كۆرۈشتە بەك قىينىلىپ كەتمەيمەن. ئۇنىڭمۇ كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە پۇراش سېزىمى ئىنتايىن ياخشى. ھەر ئىككىلىمىز يول ماڭغاندا تىۋىش چىقارمايمىز. بىز ئاۋۋال «كېچىدىكى ئالۋاستى»نى كۆزىتىپ باقايلى، ئاندىن ئەھۋالغا قارىتا بىر نەرسە دېيىشەرمىز.

— مەنمۇ باراي، — دېدى بۇغا، — مېنىڭ ئاڭلاش ۋە پۇراش سېزىمىم ناھايىتى ئۆتكۈر.

— مەنمۇ باراي، — دېدى مايمۇن، — مەنمۇ ئۇنچىۋالا يارامسىزلاردىن ئەمەس.

— بارىدىغانلار كۆپ بولسا ئاسان چاندۇرۇپ قويىمىز، — دېدى تاغىل ئاسلان چۈشەندۈرۈپ.

كۆپچىلىك كىمنىڭ بېرىشى ھەققىدە بىردەم تالاش - تارتىش قىلغاندىن كېيىن تاغىل ئاسلاننىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

— كۆپرەك ئېھتىيات قىلىڭلار، «كېچىدىكى ئالۋاستى»نىڭ قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، شۇڭا، بىرەر سەۋەنلىك كۆرۈلۈپ زىيان - زەخمەت يېتىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

تاغىل ئاسلان بىلەن كۇچۇك سىرتقا چىقىپ ئۆردەك چۈجىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ يوشۇرۇندى.

گۇگۇم پەردىسى يېيىلىپ، ئەتراپ بارا - بارا تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. ئۇشتۇمتۇت ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. تاغىل ئاسلان بىلەن كۇچۇك ئۆردەك چۈجىسىنىڭ دەپ بەرگىنىدىن ھەرھالدا كۆڭلىدە تەييارلىق قىلىۋالغانىدى. بولمىسا بۇ قورقۇنچلۇق ئاۋازدىن تەنلىرى شۈركۈنۈپ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولاتتى.

ئۇلار ئاۋاز چىققان تەرەپتىن بىر مەخلۇقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. «كېچىدىكى ئالۋاستى»نىڭ

دۇمبىسى بەكلا غەلىتە بولۇپ، خۇددى دۇمبىسىدە بىر پارچە بوپا تېڭىۋالغاندەك تومپىيىپ تۇراتتى.

ئۇ مەخلۇق ئاستا ماڭغىنىچە ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى تىمىسقىلاپ قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى ئاغزىغا سېلىشقا باشلىدى.

ــ قارىغاندا، «كېچىدىكى ئالۋاستى» ئوزۇق ئىزدەپ چىقىپتۇ، ــ دەپ پىچىرلىدى كۇچۇك.

ــ ئۇ قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ لىچىنكىلىرىنى تېرىپ يەۋاتىدۇ، ــ دېدى تاغىل ئاسلان.

«كېچىدىكى ئالۋاستى» باشقىلارنىڭ ئۆزىنى يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتقىنىنى سەزمەستىن پات ـ پات قورقۇنچلۇق ئاۋازدا توۋلاپ قويۇپ ئوزۇق ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. تاغىل ئاسلان بىلەن كۇچۇكمۇ ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازىغا سەل كۆنۈپ قالدى، ئىلگىرىكىدەك بەك چۆچۈپمۇ كەتمىدى.

ــ ئۇ ئەخلەتساندۇقىنى مالتىلاپ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ــ دېدى كۇچۇك.

ــ ئۇ ھەر خىل ئەخلەتلەرنىمۇ يەيدىكەن، ــ دېدى تاغىل ئاسلان.

ــ قارا، ئۇ تاپىنىمۇ يەيدىكەن، بايام كېلىۋېتىپ ئەخلەت ساندۇقىنىڭ يېنىدا كېسەل تېگىپ ئۆلگەن بىر توخۇنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرگەنتىم، ئۇ شۇنى تېپىۋالدى، ــ دېدى كۇچۇك.

ــ «كېچىدىكى ئالۋاستى» گۆشخور ھايۋانكەن، ئۇ

ھازىر تاپنى شۇنداق ئىشتىھا بىلەن يەۋاتىدۇ، ــ دېدى تاغىل ئاسلان.

ــ ئۇ ھەقىقەتەن «كېچىدىكى ئالۋاستى»كەن، دىققەت قىلمىساق، دوستلىرىمىزنىڭ بىرەرسىگە زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن، ــ دېدى كۇچۇك، ــ ئەمدى قانداق قىلىمىز، قايتىپ ئۇنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى تاپىمىزمۇ؟

ــ ياق، ئالدىرىماي تۇر، ــ دېدى تاغىل ئاسلان، ــ ھازىر ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى تولۇق ئۇقمايمىز، ئۇ يەنە نېمە ئىش قىلىدۇ. داۋاملىق كۆزىتىپ باقايلى.

ئۇلار يەنە پۈتۈن دىققىتى بىلەن «كېچىدىكى ئالۋاستى»نىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

ــ ھوي، ئاۋۇ نېمە؟ ــ كۇچۇك بوش تووۋلىۋەتتى، ــ قارا، دۇمبىسىدىن بىر نېمىلەر چىقىپ يورۇيدۇ.

دەرۋەقە، ئۇنىڭ بوپا تېگىنىۋالغانىدەك ئېگىز كۆرۈنىدىغان دۇمبىسىدە بىر ئېغىز پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىرنەرسىلەر ئۆمىلەپ چىقىۋاتاتتى. ئۇلار بۇنداق ئىشنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئىختىيارسىز قورقۇنچ پەيدا بولۇپ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى.

ــ ئۇ راستىنىلا بىر ئالۋاستىمۇ نېمە؟ ــ دېدى كۇچۇك پىچىرلاپ.

ــ بولدى، گەپ قىلما، ــ دېدى تاغىل ئاسلان ۋە كۇچۇكنىڭ قولىنى تۇتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ قوللىرى تىترەۋاتاتتى.

ــ باللىرىدەك قىلامدۇ نېمە؟ــ دېدى تاغىل ئاسلان،ــ دۈمبىسىدىكى خالتىدىن ئۈچ نەرسە چىققان، مانا يەنە بىرسى چىقتى، جەمئىي تۆت.

ــ راستتىنلا باللىرىكەن، ئۇلارمۇ ھېلىقى تاپنى يەۋاتىدۇ،ــ دېدى كۈچۈك.

ئۇلار يەنە داۋاملىق كۈتۈشكە باشلىدى.

ــ باللىرىنىڭمۇ قورسىقى تويغان بولسا كېرەك. ئۇلار ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە يامىشىپ چىقىپ خالتىغا كىرىپ كەتتى،ــ دېدى تاغىل ئاسلان.

ــ ئۇمۇ بىر خالتىلىق ھايۋانكەن،ــ دېدى كۈچۈك،ــ بىز بىلىدىغان ھايۋانلاردىن كېنگورۇ، كولا، خالتىلىق ئېيىق، خالتىلىق چاشقان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خالتىسى قورساق قىسمىدا بولىدۇ. بىراق، «كېچىدىكى ئالۋاستى»نىڭ خالتىسى دۈمبىسىدىكەن ئەمەسمۇ.

ــ ئۇ باللىرىنى يۈدۈپ قوزغالدى. قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلىچۇ،ــ دېدى تاغىل ئاسلان.

ئۇلار «كېچىدىكى ئالۋاستى»غا يىراقتىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ ئۇزاق ماڭمايلا چوڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ كەينىدىكى كىچىككىنە بىر تۆپىلىكنىڭ يېنىغا باردى. تۆپىلىكنىڭ يانباغرىدا بىر كىچىك ئۆڭكۈر تۇراتتى. «كېچىدىكى ئالۋاستى» ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ كەتتى. بىراق، ئۆڭكۈر تېخى تولۇق كولىنىپ بولمىسا

كېرەك، ئۇنىڭ يوغانلۇق ئۇزۇن قويرۇقى ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدا قالدى.

— ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ — دېدى كۈچۈك. ئۇلار ئۆڭكۈرگە تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلدى.

— ئۆڭكۈر كولاۋاتقاندەك قىلىدۇ، — دېدى تاغىل ئاسلان سىنچىلاپ قاراپ، — بۇ مەخلۇقتىن بىزگە زىيان يەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ. بىز قايتىپ كېتەيلى، قالغان ئىشلارنى مەسلىھەت بويىچە قىلارمىز.

— ماقۇل، — دېدى كۈچۈك.

ئۇلار ئارقىسىغا ياندى. نەچچە قەدەم مېڭىپلا كۈچۈك ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر قۇرۇپ قالغان دەرەخ شېخىغا دەسسىۋالدى. «قاراس - قۇرۇس» قىلغان ئاۋازدىن ئۇلارمۇ چۆچۈپ كەتتى.

— كىم؟ — ئۆڭكۈر تەرەپتىن بىر قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۇلار تەڭلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى. «كېچىكىدىكى ئالۋاستى» بولسا ئۆڭكۈردىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ئەمما، بىر يېرى تاقىشىپ قېلىپ چىقالمايۋاتاتتى.

— سىزگە ياردەم كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان ئەدەپ بىلەن. ئۇ «كېچىكىدىكى ئالۋاستى»نىڭ ئۆڭكۈردىن چىقالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇنچىنىمۇ ئۇنتۇدى.

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى «كېچىكىدىكى

ئالۋاستى». ئۇنىڭ ئەنسىزلىك ئارىلاشقان ئاۋازى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئاڭلاندى.

— مەن تاغىل ئاسلان، يېنىمدىكى دوستۇم كۆچۈك، — تاغىل ئاسلان ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ جاۋاب بەردى.

— مەن سىلەرنى تونۇمايمەن، — دېدى «كېچىدىكى ئالۋاستى». ئۇ ئۆڭكۈردىن چىقالمىغانسىرى جىددىيلىشىپ ھاسىراپ كەتكەنىدى. ئاۋازىمۇ خىرقىراپ چىقتى.

— مەن ئورمان ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىسى، — دېدى تاغىل ئاسلان، — تۇزۇت قىلماڭ، بىز سىزگە ياردەملىشەيلى.

— ئۇنداق بولسا سىلەرنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ.

تاغىل ئاسلان بىلەن كۆچۈك ئۆڭكۈر يېنىغا كەلدى. ئەسلىدە ئۇنىڭغا پۇتلاشقىنى ھېلىقى تومپىيىپ تۇرغان دۆمبىسىكەن.

— دۆمبىڭىزنى ئازراق پەس قىلىڭ، — دېدى تاغىل ئاسلان.

«كېچىدىكى ئالۋاستى» مۇلايىملىق بىلەن ماسلىشىپ دۆمبىسىنى پەس قىلدى. ئاندىن كۆچۈك بىلەن تاغىل ئاسلاننىڭ ھە - ھۇ دېيىشى بىلەن ئاسانلا ئۆڭكۈردىن چىقتى.

— ھەي، خالتامنىڭ دۆمبەمدە بولۇشى ھەم قولايلىق، ھەم قولايسىز، — دېدى ئۇ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى

بايام ئۆڭكۆر قازغاندا توپا بولۇپ كەتكەن قولى بىلەن سۈرتۈپ، — ئۆڭكۆر كولىغاندا ئۈنىڭدىن چىققان توپىلار خالتا ئىچىگە كىرىۋالمايدۇ. ئەمما، ئۆڭكۆردىن كېيىنچىلاپ قايتىپ چىققاندا پۈتلىشىپ ئاۋارە قىلىدۇ.

— ھە، ئەسلىدە سىزمۇ خالتىلىق ھايۋانكەنسىز دە، — دېدى كۈچۈك.

— ھەئە، مەن خالتىلىق بورسۇق بولىمەن، — دېدى «كېچىدىكى ئالۋاستى»، — بىراق خالتام دۈمبەمگە جايلاشقان، شۇڭا باشقا خالتىلىق ھايۋانلارغا ئوخشىمايمەن.

— خالتىلىق بورسۇقنىڭ ئانا ماكانى ئامېرىكا قىتئەسىمۇ؟ — دەپ سورىدى كۈچۈك قىزىقىپ.

— ياق، ئاۋستىرالىيەنىڭ تاسمانىيە ئارىلى خالتىلىق بورسۇقنىڭ ئانا ماكانى.

— مەن سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى تاغىل ئاسلان قولىنى خالتىلىق بورسۇققا بېرىپ.

— مەنمۇ سىلەر بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن خۇشالمەن، — خالتىلىق بورسۇق تاغىل ئاسلاننىڭ قولىنى سىقتى. ئاندىن كۈچۈك بىلەن قول ئېلىشتى، — كەچۈرۈڭلار، سىلەرگە رەھمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن.

خالتىلىق بورسۇقنىڭ ئاۋازى يەنىلا شۇنداق قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، لېكىن قىزغىنلىقىغا تەسىر كۆرسەتمىگەنىدى.

تاغىل ئاسلان ئۇنىڭغا دوستلىرىنىڭ گەپلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن:

ــ ئۇلار بىزنى ساقلاۋاتىدۇ، سىزمۇ بىز بىلەن بىللە بېرىڭ. ئۇلار سىزنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ،ــ دېدى.

خالتىلىق بورسۇق دەسلەپ ئىككىلەنگەن بولسىمۇ كۇچۇكنىڭ قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلىشى بىلەن ئاخىر ماقۇل بولدى.

ئۇچەيلەن قىزغىن پاراڭلاشقىنىچە ئۆردەك چۈجىسىنىڭ ئۆيىگە بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى.

ــ يېڭى دوستىمىزنى باشلاپ كەلدۇق،ــ دېدى كۇچۇك ئۇلارنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن دوستلىرىغا.

ئۇلار ئەيمىنىپرەك خالتىلىق بورسۇق بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشتى. يېڭى مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قايتىدىن داستىخان سېلىندى. تۈرلۈك مەززەلەر تىزىلدى. ئۇلار داستىخان ئۈستىدە كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلاشتى. ھەتتا خالتىلىق بورسۇققا «كېچىدىكى ئالۋاستى» دەپ نام بەرگەنلىكىنىمۇ يوشۇرمىدى.

ــ سىلەرنى ئەنسىرىتىپ قويغىنىمدىن بەك خىجىلمەن،ــ دېدى خالتىلىق بورسۇق كۈلۈپ.

ئۇ باشقىلارنىڭ دەۋىتى بىلەن بىر تاۋاق پولونى يەۋەتتى.

ــ مەن ئادەتتە سازاڭ، ھاشارات ۋە باشقا كىچىك ھايۋانلارنى ئوزۇقلۇق قىلاتتىم. بۇنداق تەملىك غىزانى ئەزەلدىن يەپ باقمىغان. سىلەرنىڭ دوستانىلىقىڭلار ۋە

مېھماندوستلۇقىڭلاردىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن، — دېدى خالتىلىق بورسۇق.

— بىر كىشىگە سىرتىغا قاراپلا توغرا باھا بەرگىلى بولمايدىكەن، سىز دائىم كېچىسى يۈرگەنلىكىڭىز ۋە ئاۋازىڭىزنىڭ قورقۇنچلۇق بولغانلىقىدىن باشقىلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويغىنىڭىز بىلەن ئەمەلىيەتتە بەكمۇ مۇلايىم، چىقىشقاقكەنسىز، بىز سىز بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشنى خالايمىز، — دېدى ئۆردەك چۈجىسى.

ئۇلار ئاۋۋال خالتىلىق بورسۇقنى ئۇزىتىپ قويدى، ئاندىن ئۆزلىرىمۇ ئارام ئېلىشقا جابدۇنۇشتى.



# يىغلاڭغۇ تاشپاقا

تاغىل ئاسلان ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان بىر چوڭ دېلونى ئوڭۇشلۇق بىرتەرەپ قىلغاندىن كېيىن قىسقا مۇددەتلىك دەم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ساقچىلىق خىزمىتى ھەقىقەتەن باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشىمايتتى. ئىشنىڭ تولىلىقىدا كېچە بىلەن كۈندۈز، ئارام ئېلىش بىلەن خىزمەت ۋاقتىنىڭ تازا پەرقى بولمايدىغان چاغلار كۆپ بولغاچقا، چارچاش ئېغىر بولاتتى. شۇڭا، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دېڭىزنى كۆرۈپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

تاغىل ئاسلان ئالدىن زاكاز قىلىپ ياتاق ئېلىپ قويغان مېھمانسارايغا يېتىپ كەلگەندە ئاللىقاچان كەچ كىرىپ كەتكەنىدى. قورسىقىمۇ خېلى بۇرۇنلا ئېچىشقا باشلىغانىدى. ئۇ يۈك - تاقلىرىنى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مېھمانسارايىنىڭ رېستورانىغا كىرىپ بىر تەخسە بېلىق قورۇمىسىنى يەۋەتتى - دە، ئاستا مېڭىپ سىرتقا چىقتى.

مېھمانساراي دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. كۈن پېتىش تەرەپكە باش قويۇپ قىزغۇچ شەپەق ھاسىل قىلغان كۈن

ئاخىرقى نۇرلىرىنى سىپىۋاتقان گۇگۇم پەيتىدە مېھمانسارايىنىڭ ئاق رەڭگى شۇنچە كۆركەم كۆرۈنەتتى. يېنىك چايقىلىپ قومۇلۇق ساھىلىنى دەممۇدەم يالاپ تۇرغان كۆپكۆك سۇ يۈزى قارامتۇل تۇسكە كىرگەن بىپايان دېڭىز بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل رەسىمدەك كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى ۋە ئاجايىپ شېئىرىي ئىلھاملارنى قوزغايتتى. تاغىل ئاسلاننىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان بۇ قېتىملىق سەپىرىدىن مەمنۇن بولۇش تۇيغۇسى ئىللىق ئېقىم ياساپ ۋۇجۇدىدا يامرىدى.

تاغىل ئاسلان دېڭىز ساھىلىدا ئاستا قەدەم تاشلاپ ماڭدى. كۈننىڭ ئاداققى نۇرلىرىمۇ بارا - بارا غايىب بولۇپ، ئەتراپ تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، كۈندۈز ۋە كېچىنىڭ ھەممىسىدە نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەتىگەن، چۈش ۋە كەچتە ئوخشاش بولمايتتى. كۆز ئالمىسىدىكى كۆز قارىچۇقى ناھايىتى چوڭ، مۇسكۇلىنىڭ قىسقىراش كۈچىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئوخشاشمىغان قۇياش نۇرى ئاستىدا، ئۇ كۆز قارىچۇقىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مۇھىتقا ماسلىشاتتى. قۇياش نۇرى ئاجىز چاغدا، ئۇ كۆز قارىچۇقىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەتتى. قۇياش نۇرى كۈچلۈك چاغدا، كۆز قارىچۇقىنى كىچىكلىتەتتى - دە، بەزىدە خۇددى بىر تال يىپتەك ئىنچىكە بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىنىڭ شەكلىگە قاراپ ۋاقىتنى مۆلچەرلەشكە بولاتتى.

مەسىلەن، ئۇنىڭ قارىچۇقى ئەتىگەندە چىلان ئۇرۇقچىسىدەك ئېچىلغان بولسا، چۈشتە بىر تال تىك سىزىق ھالىتىدە، كەچتە تولۇق ئېچىلغان، يۇمىلاق ھالەتتە بولاتتى.

ئۇنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى بولۇپلا قالماي، پۇراش سېزىمىمۇ ئۆتكۈر ئىدى. ماڭغاندا تىۋىش چىقارمايدىغان ئېلاستىكلىقتا ئىگە گۆشلۈك تاپىنى، ئەركىن ئۇزارتىپ - قىسقارتالايدىغان تىرناقلىرى قوشۇلۇپ بىرىيۇرۇش ئېسىل قورال شەكىللەنگەنىدى. ئۇ مۇشۇ قوراللىرىغا تايىنىپ قىسقىغىنە ساقچىلىق ھاياتىدا نۇرغۇن جىنايەت گۇماندارلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن قولغا چۈشۈرگەنىدى.

تاغىل ئاسلان كېتىۋېتىپ يېنىدىنلا چىققان بىر شەپىنى سېزىپ قالدى. ئۇ سىنچىلاپ قاراپ بىر مەخلۇقنىڭ دېڭىز ئىچىدىن ئۆمىلەپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ نېمىدۇر؟ تاغىل ئاسلان ئورنىدا چىپپىدە توختاپ، ھېلىقى مەخلۇقنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى.

ئۇ مەخلۇق ئاستاغىنە ساھىلغا ئۆمىلەپ چىقىپ، كەينى پۇتى ئارقىلىق بىر ئورەك قېزىشقا باشلىدى. قۇم ئازگىلىنى كولاپ بولغاندىن كېيىن، ئورەك ئىچىگە كىردى. ئۇ ئورەك ئىچىدە نېمە ئىش قىلماقچىكىنە؟ تاغىل ئاسلان قىزىقسىنىپ ئورەككە يېقىنلاشتى. ئورەك ئىچىدە ئۇنىڭدىن باشقا تىكتاك توپ چوڭلۇقىدىكى ئاپپاق نەرسىلەر تۇراتتى. ھە، ئۇ تۇخۇم تۇغۇۋېتىپتۇ - دە، تاغىل ئاسلان سەۋرچانلىق بىلەن

ساناشقا باشلىدى. ئاردا بىر قانچە قېتىم ئېزىپ كېتىپ يەنە قايتا سانىدى. ئۇ مەخلۇق بىر قېتىمدىلا 160 دانە تۇخۇم تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن تۇغۇشتىن توختىدى ـ دە، ئاستا ئورەك سىرتىغا ئۆمىلەپ چىقىپ ئورەكتىكى تۇخۇمنى قۇم بىلەن كۆمدى. ئاندىن ئازراق ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە دېڭىزغا قاراپ ئاستا ئۆمىلەپ ماڭدى. ئۇنىڭ دۇمبىسىگە قاتتىق قاپقا ئوخشاش بىرنەرسە ئارتىلغانىدى. تۆت پۇتى خۇددى قولۋاق پالىقىغا ئوخشاش ياپىلاق ئىدى.

تاغىل ئاسلاننىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۇ مەخلۇقنىڭ كۆزىدىن مارجاندەك ياشلارنىڭ سىرغىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى: «بەلكىم ئۇ تۇخۇملىرىدىن ئايرىلىشقا قىيالماي كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يىغلاۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىدى تاغىل ئاسلان ھەم ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ئاچا، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدى تاغىل ئاسلان ئۇنىڭ ياش تۆككىنىگە چىدىماي.

ئۇ مەخلۇق ئۆمىلەشتىن توختاپ دۇمبىسىدىكى قاپ ئىچىگە تۇگۇلدى. ئەمما، بېشى بىلەن تۆت پۇتى قېپى ئىچىگە تولۇق كىرىپ كەتمىگەنىدى.

— گەپ قىلغان كىم؟ — دېدى ئۇ ئەنسىز ئاۋازدا.

— مەن، تاغىل ئاسلان، — دېدى تاغىل ئاسلان. ئاندىن ئۆزىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

— ئەجەبمۇ چۆچۈتىۋەتتىڭ، — دېدى ئۇ.

— ئاچا، خاپا بولماڭ، — دەپ ئەپۇ سورىدى تاغىل ئاسلان.

— نېمە، ئاچا دېدىڭما، مېنى موما دېسەڭ بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — مېنى بىلمەيدىغان ئوخشايسەن، مەن دېڭىز تاشپاقىسى بولىمەن. تاشپاقا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىمۋولى، ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان تاشپاقا 300 يىلدىن كۆپرەك ياشىيالايدۇ.

— قالتىسكەن، — تاغىل ئاسلان ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ دۈمبىسىدىكى قاپنى سىلاپ قويدى، — دېڭىز تاشپاقىسى موما، بۇنداق ئېغىر قاپنى يۈدۈپ يۈرۈش نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك، ئۇنى ئۆيىڭىزگە قويۇپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، بالام، — دېدى دېڭىز تاشپاقىسى، — دۈمبەمدىكى بۇ ھەم قىلىن، ھەم قاتتىق قاسراق مېنىڭ قورالىم، ئۇ 13 پارچە ياپىلاق سۆڭەكنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئىنتايىن مۇستەھكەم، خېيىم - خەتەرگە يولۇققان چاغلىرىمدا تۇگۈلۈپ بەدىنىمنى قاسرىقىمنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋالىمەن. باشقا ھايۋانلار قاسرىقىمنى چىشلەپ بېقىپ، كۈچى يەتمىگەندىن كېيىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ. خەۋپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، پۇت - قوللىرىمنى، بېشىمنى چىقىرىپ ھەرىكىتىمنى داۋاملاشتۇرىمەن.

— موما، بايام سىز تۈگۈلگەندە بېشىڭىز بىلەن تۆت

پۇتىڭىز قاپ ئىچىگە تولۇق كىرىپ كەتمىگەندەك قىلىدىغۇ؟

— شۇنداق، بىز دېڭىز تاشپاقىلىرىنىڭ بېشىمىز بىلەن تۆت پۇتىمىز قاپ ئىچىگە تولۇق كىرىپ كەتمەيدۇ، بۇ جەھەتتە باشقا تاشپاقىلارغا ئوخشىمايمىز، — دېدى دېڭىز تاشپاقىسى.

— چۈشەندىم موما، — دېدى تاغىل ئاسلان، — قوغدىنىش قېپىنىڭ رولى بەك چوڭكەن، بىراق ئۇنى يۇدۇپ ماڭغاندا ھەرىكىتىڭىز ئاستىلاپ، ئوزۇقلۇق تېپىشىڭىزغا قولايسىز بولامدۇ؟

— بالام، دېڭىز تاشپاقىسى مۆتىدىل، تروپىك بەلباغدىكى دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدۇ. ئەڭ تېز ئۈزىدىغان يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ئۈششاق بېلىق، كىچىك راك ۋە دېڭىز يۇسۇنلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. چىشى دېڭىز تاشپاقىسى پەقەت تۇخۇم سالىدىغان چاغدىلا قىرغاققا چىقىدۇ، — دېڭىز تاشپاقىسى پۇتلىرىنى كۆرسەتتى، — قارا، بۇ ياپلاق پۇتلار سۇ ئۈزۈشكە بەكمۇ ماسلاشقان، شۇڭا بىز قەتئىي قولايسىزلىق ھېس قىلمايمىز.

— موما، تۇخۇملارنى قۇم بىلەن كۆمۈۋەتتىڭىز، ئۇنى باسىدىغان چاغدا قانداق تاپىسىز؟ — دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان.

— تۇخۇمنى ئۆزىمىز باسمايمىز، — دېدى دېڭىز تاشپاقىسى، — كۈن نۇرىنىڭ ھارارىتى بىلەن 50 ~ 70 كۈندىن كېيىن بالىلىرىم بىزنىڭ ياردىمىمىزسىز

كەينى ـ كەيندىن تۇخۇمدىن چىقىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى كۈتەلەيدۇ. قۇملۇقتىكى ئۇۋىسىدىن دېڭىزغا ئۆمىلەپ چۈشۈپ كىچىك بېلىق، دەريا قۇلۇلىسى ۋە ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

ــ ئۇنىڭ يۇمران چىشلىرى بەك ئۆتكۈر بولسا كېرەك، ــ دېدى تاغىل ئاسلان.

ــ تاشپاقىنىڭ چىشى يوق، يېمەكلىكنى ئۇستۇنكى تاڭلىيىغا تايىنىپ چاينايدۇ.

ــ بالىلىرىڭىز تۇخۇمدىن چىقىپلا مۇستەقىل ياشىيالايدىكەن، بەك قالتىسكەن، ــ دېدى تاغىل ئاسلان، ــ موما، بايا بالىلىرىڭىزنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئازابلىنىپ يىغلاۋېتىپتىكەنسىز ـ دە؟

ــ بالام، خاتا چۈشىنىپ قاپسەن، بۇ بىزنىڭ بىر خىل ياشاش ئادىتىمىز، بۇ كۆز ياش ئەمەس، ــ دېدى دېڭىز تاشپاقىسى چۈشەندۈرۈپ، ــ ئەمەلىيەتتە بىز كۆز يېشى ئارقىلىق بەدىنىمىزدىكى ئارتۇق تۇزنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىۋېتىمىز.

ــ سىز بىلەن تونۇشۇپ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم، ئەتە سىزنى تاماققا تەكلىپ قىلاي، مېھمانسارايىنىڭ تاماقلىرى چوقۇم سىزگە يېقىپ قالىدۇ.

ــ كۆڭلۈڭ ماڭا تېگىل بولدى، بالام، ــ دېدى دېڭىز تاشپاقىسى، ــ مەن كۈچلۈك نۇر ئاستىدا ئۇزاق

تۇرالمايمەن. شۇڭا، مەن كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىنلا قىرغاققا چىقىمەن.

— ئۇنداقتا بوپتۇ، موما، سالامەت بولۇڭ، — دېدى تاغىل ئاسلان.

— خوش، سەنمۇ ئامان بول، بالام، — دېگىنىچە تاشپاقىسى شۇنداق دەپ ئاستا ئۆمىلىگىنىچە دېڭىزغا كىرىپ كەتتى.

تاغىل ئاسلان ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى.



# مېدۇزىنىڭ قولىقى

تاغىل ئاسلان سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا بولسىمۇ، سۇ ئۈزۈشنى بەك ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. بىراق، ئۇ بۈگۈن دېڭىز ساھىلىدا ئاپتاپقا قاقلانغاچ ئولتۇرۇپ، ھۇزۇرلىنىپ سۇ ئۈزۈۋاتقانلارغا قاراپ بىردىنلا سۇ ئۈزگۈسى كېلىپ قالدى.

تاغىل ئاسلان ئاستا سۇغا كىردى. زۇمرەتتەك سۈزۈك دېڭىز سۈيى ھەقىقەتەن جانغا راھەت بېغىشلايتتى.

ئۇ دېڭىزغا ئاستا ـ ئاستا ئېچكىرىلەپ كىردى. قول ۋە پۇتلىرىنى ئەپچىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تاملارغا، دەرەخلەرگە يامىشىشقا ۋە ئولجا تۇتۇشقا، رەقىبلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەپلىك پۇت ـ قوللىرى سۇ ئۈزۈشكىمۇ ناھايىتى ماسلىشاتتى. ئالتۇن كۈن چەكسىز ئاسمان گۈمبىزىدىكى بىر كۈنلۈك ساياھىتىنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىدا تۇرۇپ سېپىۋاتقان يارقىن نۇرلىرى ئاستىدا تاۋلىنىپ سۇس چايقىلىۋاتقان دېڭىز كىشىگە ئىلھام ۋە كۈچ بېغىشلايتتى. شۇڭا، ئۇ بىلىپ بىلمەي قىرغاقتىن يىراقلاپ دېڭىزغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى.

تاغىل ئاسلان بىردىنلا سۇ يۈزىدە يوغان گۈللەرنىڭ

توپ - توپ بولۇپ لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ گۈللەرنىڭ تۈزۈلۈشى نانغا ئوخشاش يۇپيۇمىلاق بولۇپ، قۇرۇقلۇقتا ئۆسىدىغان گۈللەردەك گۈل كاسىسىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ھەرە چىشسىمان بەرگى يوق ئىدى. «دېڭىزدا گۈللەر مۇشۇنداق ئېچىلسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ھاياجاندىن ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق گۈللەر بۇ!

— كىمنى دەۋاتىسەن؟ — قوپال بىر ئاۋاز ئۇنىڭ يېنىدىنلا ئاڭلاندى.

تاغىل ئاسلان ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى. سۇس چايقىلىپ تۇرغان دېڭىز يۈزىدە ئاشۇ توپ - توپ ۋە يوغان دېڭىز گۈللىرىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

— نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ مەن سەندىن گەپ سوراۋاتىمەن؟ — بايامقى ئاۋاز تېخىمۇ قوپال چىقتى.

تاغىل ئاسلان قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

— گەپ قىلغان كىم؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى قورقۇنچتىن تىترەپ چىقتى. تاغىل ئاسلان بۇنى ئۆزىمۇ سەزدى ۋە: «قۇرۇقلۇقتا بولسام بۇنچە ھودۇقۇپ كەتمەستىم» دەپ ئويلىدى.

— مەن، مانا يېنىڭدا تۇرمامدىم.

تاغىل ئاسلان ئالدىدىكى يۇمىلاق يوغان بىر گۈلنىڭ تەۋرىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

— سەن گەپ قىلدىڭما؟ — تاغىل ئاسلان ھەيران

قالدى. ئەجەبا، دېڭىزدىكى گۈللەرمۇ گەپ قىلالايدىكەندە.

ــ سېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ــ ھېلىقى گۈل تەۋرىنىپ تاغىل ئاسلاننىڭ يېنىغا تېخىمۇ سۈرۈلدى، ــ سەن خاتا چۈشىنىپ قاپسەن، بىز گۈل ئەمەس، مېدۇزا، يەنى دېڭىز ـ ئوكيانلاردا سۇ ئېقىمىغا ئەگىشىپ ياشايدىغان بىر خىل چوڭ ھايۋان.

تاغىل ئاسلان ئۆزىنى مېدۇزا دەپ ئاتىغان «گۈل»گە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى كۈنلۈككە ئوخشايتتى. كۈنلۈكنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدە نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە يىپچىلار ساڭگىلاپ تۇراتتى.

تاغىل ئاسلان بېشىنى چايقىدى:

ــ سەن ئۆزۈڭنى ھايۋان دەيسەن، ئەمما پۇت ـ قوللىرىڭنى كۆرمىدىم. قانداق ئۆزۈڭنى قىلىپ ياشايدىغانلىقىڭنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم، ــ دېدى ئۇ.

ــ «كۈنلۈك»نىڭ ئاستىنقى تەرىپىدىكى نۇرغۇن ئىنچىكە يىپچىلارنى كۆردۈڭمۇ؟ ــ دېدى «گۈل»، ــ ئۇ دەل مېنىڭ قولۇم، ئۇ مېدۇزىنىڭ لوفوفورىسى دېيىلىدۇ. بىز شۇنىڭغا تايىنىپ بېلىق ۋە باشقا كىچىك جانلىقلارنى تۇتۇپ ئوزۇقلىنىمىز. يەنى بىزنىڭ لوفوفورىمىزدا نۇرغۇن تىكەنلىك ھۈجەيرىلەر بولۇپ، ئارىسىغا يىڭنىسىمان ۋە يىپسىمان نەشتەرلەر يوشۇرۇنغان، نەشتەرلەر ئىچىدە زەھەرلىك سۇيۇقلۇق بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئوزۇقلۇق تۇتۇش ۋە كۈشەندىلىرىمىزدىن مۇداپىئە كۆرۈش قورالىمىزدۇر.

بەزى جانىۋارلار يېنىمىزغا كېلىپ بىزگە تەگسە، بىز دەرھال تىكەنلىك ھۆجەيرىلىرىمىزدىن نەشتىرىمىزنى چىقىرىپ، كەلگەن كۆشەندىمىزگە سانجىيمىز ـ دە، خۇددى ئۆكۈل يىگىنىسىدەك زەھەرلىك سۇيۇقلۇقنى كۆشەندىمىزنىڭ بەدىنىگە سالىمىز. نەتىجىدە پالاكەت باسقان ئۇ جانىۋار بىھوشلىنىپ ئاخىرىدا بىزنىڭ راسا مەززىلىك تامىقىمىز بولىدۇ.

تاغىل ئاسلان شۇ ئەسنادا يوغان بىر بېلىقنىڭ كىچىك بېلىقلارنى قوغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بىراق، كىچىك بېلىقلار ئۇدۇل كېلىپلا مېدۇزىنىڭ كۆنلۈكسىمان گەۋدىسىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدى. يوغان بېلىق كەتكەندىن كېيىن كىچىك بېلىقلار ئۇنىڭ لوفوفورىسى ئارىسىدا بىمالال ئۈزۈپ ئويناشقا باشلىدى. تاغىل ئاسلان بۇ كىچىك بېلىقلار زەھەرلىك نەشتەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدىغان بولدى، دەپ ئەنسىرەپ قالدى.

ــ ھەيران قېلىۋاتامسەن، بەزى كىچىك بېلىقلار بىزنىڭ تىكەنلىك ھۆجەيرىمىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. كىچىك بېلىقلار بىرەر چوڭ بېلىقنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، بىزنىڭ كۆنلۈكسىمان گەۋدىمىزنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ، ئۆزىنى قوغدايدۇ، بۇ چاغدا بىز كىچىك بېلىقلارنىڭ قوغدىغۇچىسى، پاناھلىنىش جايى بولىمىز، بىز كىچىك بېلىقلارنى كۆشەندىسىدىن ساقلىساق، كىچىك بېلىقلار بىزنىڭ تېنىمىزدىكى مىكرو جانلىقلارنى يوقىتىدۇ. بۇ بىر خىل

پەۋقۇلئاددە ئىككىلا تەرەپكە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئورتاق ياشاش ھادىسىسىدۇر.

تاغىل ئاسلان قولىنى ئۇزىتىپ مېدۇزىنىڭ كۆنلۈكسىمان گەۋدىسىنى سىلاپ باقتى. بۇ گەۋدە ناھايىتى يۇمشاق ئىدى.

— قانداقكەن؟ — دېدى مېدۇزا كۈلۈپ كېتىپ، — بىزنىڭ تېنىمىز يۇمشاق ھەم سۈزۈك بولىدۇ، تېنىمىزنىڭ 90% ى سۇ بىلەن تولغان. تېنىمىزدە سۇ مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشى ئۆز ئېكولوگىيەمىزگە ماسلاشقان.

تاغىل ئاسلان سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرغان يوغان مېدۇزىغا سەپسالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭلىرىمۇ، كىچىكلىرىمۇ بار ئىدى.

— مېدۇزىلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدىكەن - ھە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، — دېدى مېدۇزا، — ئۇنىڭ دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئەمما، بەزىلىرى بەكمۇ يوغان بولۇپ، دىئامېتىرى ئىككى مېتىرغا يېتىدىغانلىرىمۇ بار. ئارىمىزدا سىيانېيە مېدۇزىنىڭ گەۋدىسى ئەڭ چوڭ بولۇپ، كۆنلۈكسىمان گەۋدىسىنىڭ دىئامېتىرى ئادەتتە 1.5 ~ 2 مېتىرغىچە، لوفوفورىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 ~ 30 مېتىرغىچە كېلىدۇ. سىيانېيە مېدۇزىسىنىڭ كۆنلۈكسىمان گەۋدىسىدىكى تالالىرى قىزغۇچ ھال رەڭ ياكى كۆك بولىدۇ ھەم سۇس يېشىل رەڭ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ

ھەرىكەت قىلىپ، لوفوفورىسىنى ئەتراپقا تولۇق يايغاندا بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئۇ شىمالدىكى دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدۇ. ئۇنى كۆرگىلى بېرىپ قالساڭ، دېگەنلىرىمنىڭ ھەقىقەتەن توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن. بىراق، ئۇنىڭ زەھىرى بەك يامان. ئەمەلىيەتتە ئاۋستىرالىيە ھەرىسىمان مېدۇزىسى بىلەن ساندۇقسىمان مېدۇزىسى ئەڭ زەھەرلىك بولۇپ، بەدىنىدىكى زەھەر توكسىنى 60 ئادەمنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى ئالتە كىلوگىرام، كۇنلۇكسىمان گەۋدىسىنىڭ چوققىسىدىن ئاستىنقى قىسمىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 20 ~ 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ. 60 تەك لوفوفورىسى بولۇپ، ھەر بىر لوفوفورىسىدا نەچچە مىليون زەھەرلىك تىكەنلىك ھۈجەيرىسى بولىدۇ. بۇ خىل مېدۇزىنىڭ زەھەر سۈيۇقلۇقى تۆت مىنۇتتىلا ئادەمنىڭ جېنىنى ئالالايدۇ.

تاغىل ئاسلاننىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى: «سيانېيە مېدۇزىسى دېگىنىمۇ قورۇپ كەتسۇن، كىم خۇشتاركەن ئۇنى كۆرۈشكە» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

— ۋوي، چاتاق بولدى، بوران چىقىدىغان بولدى، — مېدۇزا بىردىنلا تېپىرلاپ كەتتى.

— ھاۋا شۇنداق ئوچۇق تۇرمامدۇ، — دېدى تاغىل ئاسلان ئۈستىگە قاراپ بېقىپ.

— سەگەك قۇلىقىم بوراننىڭ شەپىسىنى سەزدى. ئۇ ئەزەلدىن خاتالىشىپ باقمىغان.

— قۇلىقىڭنى كۆرمىدىمغۇ؟ — دېدى تاغىل ئاسلان مېدۇزىغا سىنچىلاپ قاراپ.

— قۇلاق كۆپىنچە باشنىڭ ئىككى يېنىدا ياكى چوققىسىدا بولىدۇ دەپ ئويلىشىڭ مۇمكىن. بىزدە ئۇنداق قۇلاق بولمايدۇ. ئەمما، ئاڭلىيالايمىز، ئەمەلىيەتتە ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىدە ئاڭلاش ئەزاسى بولىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ئورنى، تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولمايدۇ، خالاس.

— ئۇنداق بولسا، ئاڭلاش ئەزايىڭ قەيەردە؟ — دېدى تاغىل ئاسلان.

— «كۈنلۈك»نىڭ ئەتراپىدا خۇددى «قۇلاق»قا ئوخشاش سېزىش توپچىلىرى ئۆسكەن بولۇپ، بۇ خىل سېزىش توپچىلىرىنىڭ ئىچىدە كالتسىي ماددىسىدىن تەركىب تاپقان تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى كىچىك تاش بار. ئۇ، نېرۋا سىستېمىمىز بىلەن تۇتاش بولغاچقا، ئاڭلاش رولىنى ئۆتەيدۇ، شۇڭا بىز سۇدا بىخەتەر ئۈزۈپ يۈرەلەيمىز. بوران يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن يىراقتىكى ھاۋا بىلەن دېڭىز سۈيى كۈچلۈك سۈركىلىپ بىر خىل ئاجىز ئاۋاز دولقۇنىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل ئاجىز ئاۋاز دولقۇنىنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولغانلىقتىن ئۇنى ئادەمنىڭ قۇلىقى ئاڭلىيالمايدۇ. بىراق، بىز ئاڭلىيالايمىز. چۈنكى، ئاجىز ئاۋاز دولقۇنى بىزنىڭ «قۇلىقىمىز» ئىچىدىكى ئۇششاق تاشلارغا تەگكەندىن كېيىن، ئۇششاق تاش بىزنىڭ سېزىش توپچىلىرىمىزنى قوزغىتىپ نېرۋا ئارقىلىق، كېلىش ئالدىدىكى بوراننىڭ ئاۋازىنى بىزگە «ئاڭلىتىدۇ». قارىماققا بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز ناھايىتى ئاجىز ۋە

بىلىنقلارغا ئوخشاش ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەلمىسەكمۇ، قولىقىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك سەزگۈرلىكى تۈپەيلىدىن بوراننى ئالدىنئالا سېزىپ دەرھال قاچالايمىز.

— چۈشەندىم، — دېدى تاغىل ئاسلان بېشىنى لىڭشىتىپ.

— بولدى، ئەمدى مېنى گەپكە تۇتما، ئۆزۈڭمۇ دەرھال قىرغاققا قايتىپ كەت، بولمىسا بالا - قازادىن ئامان قالمايسەن، — مېدۇزا شۇنداق دەپ ئاستا - ئاستا دېڭىزنىڭ ئاستىغا چۆكۈشكە باشلىدى. ھېلىلا سۇ يۈزىدە يوغان گۈلدەك لەيلەپ تۇرغان توپ - توپ مېدۇزىلارمۇ ئاللىقاچان سۇ تەكتىگە يوشۇرۇنۇپ بولغانىدى.

تاغىل ئاسلانمۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپنى تۇيۇپ قىرغاق تەرەپكە تېز ئۈزۈشكە باشلىدى. تەلىيىگە ئۇ قىرغاققا چىقىپ بولغاندا شىددەتلىك بورانمۇ يېتىپ كەلدى. بايا ئوخلاپ ياتقاندەك جىمجىت چايقىلىپ تۇرغان دېڭىز تۇسۇن ئاتتەك چاپچىپ شىددەتلىك دولقۇنلارنى قۇم ساھىلىغا زەرب بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ساڭا رەھمەت، مېدۇزا، جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، — دېدى تاغىل ئاسلان چوڭقۇر مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى. چۈنكى، كۈچلۈك بوران ئۇنى قاياققىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتكەنىدى.

# خەتەرلىك دېڭىز سەپىرى

تاغىل ئاسلان پولىنېزىيەلىكلەرگە ناھايىتى ھەۋەسلەندى. ئوكيانىيە قىتئەسىدىكى پولىنېزىيەلىكلەر مول دېڭىز قاتنىشى تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار تىنچ ئوكياندا كىچىككىنە تەڭنە كېمە ياكى چوڭ تېپتىكى يەلكەنلىك كېمىلەرنى بەھوزۇر ھەيدەپ كېتىۋېرەتتى. قىزىقارلىقى، ئۇلارنىڭ دېڭىزدا يۇرۇشتە ئىشلىتىدىغان چوڭ يەلكەنلىك كېمىسىنىڭ تۇتاشتۇرۇلغان جايلىرىغا مېتال زاپچاسلار ئىشلىتىلمەستىن، ئارقان بىلەن چىگىتىلاتتى.

«مەن ھامان بىر كۈنى دوستلىرىم بىلەن بىللە پولىنېزىيەلىكلەرنىڭ يەلكەنلىك كېمىسىدە يەر شارىنى ئايلىنىپ چىقىمەن، بۇ قېتىم ئۆزۈم يالغۇز تەڭنە كېمە بىلەن سەپەر قىلىپ تۇراي» دەپ ئويلىدى ئۇ.

تاغىل ئاسلان سەپەرگە ئاتلانغان كۈنى ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولدى. ئۇ ئىككى بېشى ئېگىز تەڭنە كېمىگە ئولتۇرۇپ پالاق ئۇردى. پالاق — دېڭىزدا يۇرۇشتە كەم بولسا بولمايدىغان سايمان بولۇپ، پالاقتا نەپىس نەقىشلەر ئويۇلغانىدى. پالاق ئىشلىتىش قارىماققا ناھايىتى ئاددىي ھەرىكەتتەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە

ئۇنى ئىشلىتىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. تاغىل ئاسلانمۇ مەشىق قىلىپ خېلى تەستە ئۆگەنگەنىدى.

دېڭىز سەپىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى. تاغىل ئاسلان پالاق ئىشلىتىشكىمۇ كۆنۈپ كەتتى، ئۇ پالاقنى بەك كۈچەپمۇ ئۇرمايتتى، بەدىنىنى ئالدى - كەينىگە تەۋرىتىپ، يەڭگىل ئايلاندۇراتتى، بۇنداق بولغاندا كېمە ھەم توختاپ قالمايتتى، ھەم قولمۇ بەك تېلىپ كەتمەيتتى. قارىماققا، كېمە ئىلگىرىلەۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى كېمە بىلەن تاغىل ئاسلان دېڭىز دولقۇنىغا ئەگىشىپ تەڭ تەۋرىنىۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. بۇ ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ساياھەت بولغانىدى.

تاغىل ئاسلان سومكىسىغا يېتەرلىك سۇ ۋە قۇرۇتۇلغان بېلىق ئېلىۋالغانىدى. مېتېئورولوگىيە ئورۇنلىرىنىڭ مەلۇماتىچە، بۇ بىرقانچە كۈندە ھاۋارايىدا ئۆزگىرىش بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ خاتىرجەم ھالدا ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى.

تاغىل ئاسلان خەرىتە ۋە كومپاستىن پايدىلىنىپ كېمىنىڭ بېشىنى ئۆزى نىشانلىغان يۆنىلىشكە توغرىلاپ يەڭگىل پالاق ئۇراتتى.

بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. كۆڭۈللۈك ساياھەت داۋام قىلىنىۋاتاتتى. پىلان بويىچە بولغاندا تاغىل ئاسلان يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن نىشانلىغان شەھەرگە يېتىپ باراتتى. ئۇ يەرگە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ قايتاتتى. ئەلۋەتتە، يالغۇز سەپەر قىلماقمۇ تەس ئىدى. ئۇ دوستلىرى بىلەن بىللە بولغان چاغلاردىكى گۈزەل

ئەسلىملەرنى ئويلاپ قەلبىدىكى سېغىنىش ئوتلىرى كۈچىيىشكە باشلىدى.

كۈن دېڭىز يۈزىدىن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن مەھەلىدە، ئۇ سۇ يۈزىدە قارىماققا ئۈزۈن قارا كۆلەڭگىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر نەرسىنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ، بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمىدى، لېكىن بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ نەرسە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىپ، خۇددى قان تامچىلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان يوغان ئاغزىنى ئاچتى، ئاغزىغا تاغىل ئاسلانلا ئەمەس، كېمىمۇ تاقاشمايلا پېتىپ كېتەتتى. تاغىل ئاسلان ئۇ يوغان ئېغىز ئىچىدىكى ئىككى قۇر ئۆتكۈر چىشلارنى ناھايىتى ئېنىق كۆردى. ئەمدى ئىككىلىنىپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقىت يوق ئىدى. شۇڭا، بۇ يوغان ئېغىز كېمىگە تېگەي دەپ قالغان دەقىقىدە بىرلا سەكرەپ ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. قۇلىقىغا كېمىنىڭ قاراسلاپ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

تاغىل ئاسلان ئۆزىنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر خەتەرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن، بەك ھودۇقۇپ كەتسە ئىش تېخىمۇ يامىنىغا ئۆزگىرىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئىمكانقەدەر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سۇ يۈزىگە ئاستا ئۆرلەپ چىقتى ۋە ھېلىقى مەخلۇقنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسالدى، ئۇ مەخلۇق تېخىمۇ غالجىرلاشقان بولۇپ، پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن كېمىنىڭ سۇنۇقلىرىنى ئەسەبىيلەرچە چىشلەيتتى.

تاغىل ئاسلان ئوبدان بىر چارە تاپماقچى بولدى، ئەمما كاللىسى قۇپقۇرۇق ئىدى، ئۇ چارە تاپالمىغانسېرى جىدديلىشىپ تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى. ھېلىقى مەخلۇقمۇ ئۇنى بايقاپ قالغان چېغى، يوغان ئېغىزىنى ئېچىپ بوراندەك يۈگۈرۈپ كەلدى. تاغىل ئاسلان ئەمدى ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. قان تامچىلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان يوغان ئېغىز، تاشنىمۇ ئېزىپ تالقان قىلىۋېتىدىغاندەك كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر چىشلار... تاغىل ئاسلان قورقۇنچتىن چىشلىرى كاراسلاپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

تاغىل ئاسلان تۇيۇقسىز بىر نەرسىنىڭ يېنىدىن سۈركىلىپ ئۆتكەنلىكىنى، دېڭىز سۈيىنىڭ كۈچلۈك چايقىلىپ داۋالغۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيدى. ئۇ ھەيران بولۇپ كۆزىنى ئاچتى. ئاجايىپ ئىش، ئۇ بىر كىت بالىسىنى كۆرگەندى. ئۇ ئۇچلۇق تۇمشۇقى بىلەن بايا ئۇنىڭغا خىرىس قىلغان مەخلۇقنىڭ قورسىقىغا ئۇسۇۋاتاتتى، ئۇ مەخلۇق ھەدەپ ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى.

«بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ؟ تۇيغۇلىرىم مېنى ئالدىمىغاندۇ؟!» تاغىل ئاسلان ھەم خۇشال بولدى، ھەم ھەيران بولدى. ئۇ تېخى ھېلىلا ھاياتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزگەندى. مانا ئەمدى ئىشلار ئەكسىچە بولماقتا.

ــ قورقما، ئۇ ئەمدى ساڭا چېقىلالمايدۇ، ــ دېدى كىت بالىسى، ــ ئەپسۇس، ئۇ كېمەڭنى ۋەيران

قىلىۋېتىپتۇ، سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان بولدۇڭ، مەن سېنى قۇرۇقلۇققا يەتكۈزۈپ قوياي.

تاغىل ئاسلان ئىلگىرى كىتنى كۆرگەنىدى. «ئۇ نېمە دېگەن باتۇر، بىر دەمدىلا ھېلىقى ۋەھشىي مەخلۇققا تەڭ كېلىپ ئۇنى ھەيدىۋەتتى، يەنە كېلىپ مېنى قۇرۇقلۇققا ئاپىرىپ قويماقچى.»

ــ رەھمەت ساڭا كىت بالىسى، جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، ــ دېدى تاغىل ئاسلان مىننەتدار بولۇپ.

ــ مېنى خاتا ئاتىدىڭ، مەن كىت بالىسى ئەمەس، ــ دېدى ئۇ، ــ مەن دېگەن دېلفىن.

ــ ئۇنداقتا كىتقا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەنسەن-غۇ، ــ دېدى تاغىل ئاسلان ھەيران بولۇپ.

ــ دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق، دېلفىن بىلەن كىت بىر ئائىلىگە تەۋە. كىتنىڭ چوڭلىرىمۇ، كىچىكلىرىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىردىن ئاشقانلىرى كىت، بەش مېتىرغا يەتمەيدىغانلىرى دېلفىن دېيىلىدۇ.

تاغىل ئاسلان سۇ ئۈزۈشكە ماھىر. بىراق، ئۇ دېڭىزدا يۈرگىنىگە بىر نەچچە كۈن بولغاچقا، قىرغاققا ساق-سالامەت ئۈزۈپ يېتىپ بېرىشقا كۆزى يەتمىدى. يەنە كېلىپ بايامقىدەك كۈتۈلمىگەن خەتەرلىك ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ، دېگىلىمۇ بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ سەل قورۇنغان ھالدا دېلفىننىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ، مەھكەم ئولتۇردى.

ــ نېمىدېگەن دەھشەت، ــ دېدى تاغىل ئاسلان، ــ ئۇ بەك قورقۇنچلۇق مەخلۇقكەن، ئۇنى يۇرتىمىزدىكى دەريا-كۆللەردە كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

ـــ ئۇ لەھەڭ، دەريا ـ كۆللەردە ياشىيالمايدۇ، ـــ دېدى دېلفىن، ـــ نېمىشقا دېسەڭ، بېلىقلار سۆڭەكلىك ۋە كۆمۈرچەكلىك بېلىقلار دەپ بۆلۈنىدۇ. سۆڭەكلىك بېلىقلار پۇۋەكچىسىنىڭ قىسقىراش ـ بوشىشىغا تايىنىپ سۇدا ئەركىن چۆكىدۇ ۋە لەيلەيدۇ. لەھەڭ كۆمۈرچەكلىك بېلىق بولۇپ، پۇۋەكچىسى بولمايدۇ. ئۇزۇشتىن توختىسىلا دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىخىنى يېنىك، يۇمشاق، ئەۋرىشىملىككە ئىگە، لەيلەش ـ چۆكۈشتە دېڭىز سۈيىگە تايىنىدۇ. دېڭىز سۈيى تۇزلۇق بولغاچقا، لەيلىتىش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ دېڭىزدىلا ئەركىن ياشىيالايدۇ.

ـــ ئۇنىڭ تۇرقى بېلىققا ئوخشامدۇ نېمە؟ ـــ دېدى تاغىل ئاسلان.

ـــ لەھەڭ ئەڭ چوڭ گۆشخور بېلىق.

ـــ ئۇ بەستىنىڭ زورلۇقىدىن پايدىلىنىپ زوراۋانلىق قىلىدىكەندە، ـــ دېدى تاغىل ئاسلان، ـــ ئۇنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن زىيىنىمۇ كۆپتۇ؟

ـــ لەھەڭنىڭ جەمئىي 368 تۈرى بار، ـــ دېدى دېلفىن، ـــ بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت 25 تۈرىلا ئىنسانلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ. كىتسىمان لەھەڭ دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى ئەڭ چوڭ، ئەمما ياۋاش بېلىق بولۇپ، بەدەن ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىرغا يېتىدۇ. پەقەت ئۇششاق بېلىق، راك ۋە كىچىك تىپتىكى لەيلىمە ئۆسۈمۈك ۋە جانلىقلارنىلا يەيدۇ. ئەڭ ۋەھشىيسى چوڭ ئاق لەھەڭ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى ئىللىق دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ياشايدۇ.

چوڭ تىپتىكى ئۇمۇرتقىلىق ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، ئاندا ـ ساندا ئادەملەرگە ۋە كېمىلەرگىمۇ ھۇجۇم قىلىدۇ. بۈگۈن سېنىڭ كېمەڭنى پاچاقلاپ تاشلىغان، ساڭا ھۇجۇم قىلغان لەھەڭ دەل شۇ چوڭ ئاق لەھەڭدۇر.

ــ ئۇنىڭ ئۈزۈش سۈرئىتى بەك تېزكەن، ئۇشتۇمتۇت يېنىمدا پەيدا بولدى، ــ دېدى تاغىل ئاسلان.

ــ شۇنداق، ئۇ بەك تېز ئۈزىدۇ، دۈمبە ئۈزگۈچىسى سۇغا چۆكۈش، يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىش ۋە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە، يۇقىرىغا ئۆرلەشتە كۆكرەك ئۈزگۈچىسىگە تايىنىدۇ. قۇيرۇق ئۈزگۈچىسىنى تەۋرىتىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. بەدىنىدە ئۇنى قوغداپ تۇرىدىغان يەنە بىر قەۋەت سۆڭەككە ئوخشاش قاتتىق تېرىسى ۋە ئۆتكۈر چىشلىرى بولىدۇ. بۇ چىشلىرى بىلەن بىر نەرسىلەرنى چىشلىگەندە ئۈزۈپلاۋالىدۇ.

ــ ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنى ئېنىق كۆردۈم، ــ دېدى تاغىل ئاسلان، ــ ھەممىدىن بەك ھەيران بولغىنىم، ئۇنىڭ ھەر بىر رەتتە ئىككى قۇردىن چىشلىرى بولىدىكەن.

ــ ئۇنىڭ ئالدىنقى قۇردىكى چىشلىرى گاللاشقاندا، كەينى قۇردىكى چىشلار ئالدىغا سۈرۈلۈپ بۇ چىشلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىدۇ ھەم توختىماي چىش چىقىپ تۇرىدۇ. چىشلارنىڭ ئۆسۈش ۋاقتى پەقەت بىرنەچچە ھەپتىلا بولىدۇ.

ــ قارىغاندا، ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا ئادەملەرمۇ تاقابىل تۇرالمىغۇدەك.

ــ توغرا ئېيتتىڭ، شۇڭا بىلىقچىلار چوڭ ئاق لەھەڭنى دېڭىزدىكى يولۋاس، دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇنىڭ پۇراش سېزىمى ئىنتايىن ئۆتكۈر، يىراق يەردىكى يەنى سۇ ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاجىز پۇراقلارنىمۇ پۇرىيالايدۇ. دېڭىز ئېقىنى ئېلىپ كەلگەن ھىدلارغا ئاساسەن ئولجىنى تويتوغرا تاپالايدۇ. بۇرنىدىكى ئويمان جايى يورۇقلۇق سېزەلەيدۇ، شۇنداقلا باشقا ھايۋانلار ھاسىل قىلغان بىئوئېلېكترنى بايقىيالايدۇ. قاراڭغۇدىمۇ ئولجىنىڭ ئورنىغا توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ. بۇنىڭدىكى سىر ئۇنىڭ پۇراش ــ سېزىش ئۇمۇرتقىسىنىڭ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقىدا بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل چوڭ مېڭىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەن. شۇڭا، چوڭ ئاق لەھەڭ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەندە بېشىنى داۋاملىق ئوڭ ــ سولغا ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. سۇ ئىچىدىكى ھايۋانلار ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالىسىمۇ بۇرنىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ــ دېلفىن بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ لېكىن ئۇنىڭمۇ ئاجىز يېرى بار. مەسىلەن، قورساق قىسمى يۇمشاق بولۇپ، ئاسان ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. لەھەڭنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنى ئېپار كىت، ئۇندىن قالسا دېلفىن، دېلفىن ئۇچلۇق تۇمشۇقى بىلەن لەھەڭنىڭ قورسىقىنى تېشىۋېتەلەيدۇ.

ــ بۇنى بايا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ــ دېدى تاغىل ئاسلان، ــ لەھەڭنىڭ ئولجا تۇتۇشتا قالتىس ماھارىتى باركەن، ئۇنىڭ ئىشتىھاسىمۇ ئالاھىدە بولۇشى مۇمكىن.

ــ ئۇنداق ئەمەس، ــ دېدى دېلفىن، ــ بارلىق بېلىقلار ئىچىدە، لەھەڭ ئوزۇقلۇقنى ئەڭ تېجەيدۇ. ئۇلار تاماقنى بەك ئاز يەيدۇ. بىر كۈنلۈك ئوزۇقلۇقى ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ 100 دىن بىرىگە تەڭ، بەزىدە 20 نەچچە كۈن نەرسە يېمەيمۇ ياشاۋېرىدۇ.

ــ ئەمىسە نېمىشقا بەزىدە غالجىرلىشىپ كېمە ـ پاراخوتلارغىمۇ ھۇجۇم قىلىدۇ.

ــ ئاڭلىسام، لەھەڭنىڭ بەدىنىدىمۇ باشقا چوڭ تىپتىكى دېڭىز ھايۋانلىرىغا ئوخشاش دېڭىز پىتى، دېڭىز يۇسۇنى قاتارلىقلار ياشايدىكەن. ئۇلار لەھەڭنى ناھايىتى بىئارام قىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كېمە ـ پاراخوتلارغا سوقۇلۇپ يۈرىدىكەن.

تاغىل ئاسلان دېلفىننىڭ ئوتتۇرىچە سۇ ئۈزۈش سۈرئىتى سائىتىگە 40 كىلومېتىرغا يېتىدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ تورپېدا قويۇپ بەرگۈچى موتورلۇق كېمىنىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتىگە باراۋەر كېلەتتى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئۇ سۇدا ئۈزگەندە سۇ بىلەن ھېچقانداق سۈركىلىش كۈچى يوقتەك قايناممۇ ھاسىل بولمايتتى.

ــ سەن سۇ ئۈزگەندە نېمىشقا قاينام پەيدا بولمايدۇ؟ ــ دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان.

ــ قاراپباق، تېرەم سىلىق ھەمدە ئېلاستىكىلىققا ئىگە، بۇ سۇ ئۈزۈشۈمگە ئىنتايىن پايدىلىق. سۇ ئۈزگىنىمدە تېرەم قىسقىراپ ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان

ئويمانچاقلار پەيدا بولىدۇ. كىچىك ئويمانچاقلارغا دېڭىز سۈيى تولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خۇددى يامغۇرلۇق كېيىمنى كىيىۋالغاندەك، سۇ ئۇزگىنىمدە دېڭىز سۈيى بىلەن سۇركىلىش كۈچى يوقتەك ھالەتكە كەلتۈرىدۇ، شۇڭا قايناممۇ ھاسىل بولمايدۇ، — دېدى دېلفىن.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە پاراڭلىشىپ خېلى ئۇزاق ماڭدى. تاغىل ئاسلاننىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېلىۋالغان زاپاس يېمەكلىكلىرى تەڭنە كېمە ۋەيران بولغان چاغدىلا يوقاپ كەتكەنىدى. ئۇ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكىنى دېلفىنغا ئېيتىشتىن خىجىل بولدى. كۆڭلىدە: «دېلفىن ماڭا ياردەم قىلىپ قۇرۇقلۇققا يەتكۈزۈپ قويىمەن دەپ جاپا تارتىۋاتسا، يەنە قورسىقىم ئاچتى، دەپ غەلۋە قىلسام بولماس، بىر - ئىككى كۈن قورساق ئاچ قالغانغا ئۆلۈپ كەتمەسمەن» دەپ ئويلىدى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى دېلفىن سېزىپ قالدى.

— قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ، مەن يېگۈدەك بىرنەرسە تېپىپ ئەكېلەي، بىردەم كۈتۈپ تۇرغىن.

ئۇ شۇنداق دەپ تاغىل ئاسلاننى دۈمبىسىدىن سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈرۈپ قويۇپلا، سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ قارىسى سۇ يۈزىدە پەيدا بولدى. كۆل رەڭ تېنى كۈن نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى.

— بۇنىڭ بىلەن قورسىقىڭنى گوللاپ تۇرغىن، — دېدى ئۇ ئاغزىدا چىشلەپ تۇرغان بىر تال بېلىقنى تاغىل ئاسلانغا بېرىۋېتىپ.

تاغىل ئاسلان بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. كۈچلۈك هاياجاندىن ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمەي قالدى. يەنە ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن بىلىقنى ئىشتىها بىلەن يېيىشكە كىرىشتى.

تاغىل ئاسلان تۇساتتىن بىر تەرخەمەكنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ تەرخەمەكنىڭ رەڭگى سۇس سېرىق بولۇپ، دۈمبىسىدە ئۇزۇن قارامتۇل قوڭۇر دېغى بار ئىدى. ئۇچىدا چەمبىرەكسىمان شەكىل چىقىرىپ تىزىلغان قېنىقراق سېرىق چېچەكلىرى تۆكۈلمىگەن ھەم يېڭى ئېچىلغان چاغدىكىدەك تولۇق يېيىلغان ئىدى. سىرتقى يۈزىدىكى تىكەنلىرى قويۇق ھەم ئۇچلۇق ئىدى.

— بۇ پايانسىز دېڭىزدا تەرخەمەك تۇرىدىغۇ، — دېدى تاغىل ئاسلان، — بىرەر كېمە ياكى پاراخوتتىن چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. دوستۇم قوزا مۇشۇنداق تەرخەمەكتىن تازا ئوخشىتىپ بىر تەخسە سالات چىقىرىۋېتەلەيدۇ.

— كۆزۈڭ ئۆتكۈركەن، ئۇ ھەقىقەتەن بىر تەرخەمەك، — دېدى دېلفىن، — لېكىن ئۇ سەن ئويلىغاندەك كۆكتات ئەمەس، بەلكى دېڭىزدا ياشايدىغان بىر ھايۋان.

— چاقچاق قىلمىغىن، — دېدى تاغىل ئاسلان ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي.

— چاقچاق قىلمىدىم، ئۇ راستتىنلا دېڭىزدا ياشايدىغان ھايۋان، ئۇنىڭ ئېتى تىرىپانگا، ئۇ تېرە تىكەنلىك ھايۋانلار تۈرىگە كىرىدۇ. سىرتقى يۈزىدە

تىكەنسىمان ئۆسۈنتىلىرى بولىدۇ، بەدىنى سىېمىز. قاراپ تۇر، ئۇ قانداق قىلىدىكىن قېنى.

دېلفىن قۇيرۇقى بىلەن دېڭىز سۈيىگە ئۇرۇپ كۆچلۈك دولقۇن پەيدا قىلدى، ترېپانگا شەپىدىن چۆچۈپ دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. ئەمما، ئۇنىڭ مىدىرلىشى بىلەن تەڭ چوڭ بىر بېلىق ئۇنى بايقاپ قالدى. ترېپانگا ئۆزى ئۈستىگە كېلىۋاتقان خەتەرنى سېزىپ جىنىنىڭ بارىچە ئۈزۈشكە باشلىدى.

— ترېپانگا بېلىققا يەم بولۇپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى تاغىل ئاسلان ئەپسۇسلىنىپ.

— ئۇنىڭ ئامالى بار، — دېدى دېلفىن.

تاغىل ئاسلان ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. بېلىقنىڭ ئۈزۈش سۈرئىتى تېز بولغاچقا، بىردەمدىلا ترېپانگاغا يېتىشىۋالدى. ئۇ ترېپانگىنى يۇتۇۋېتىش ئۈچۈن ئاغزىنى يوغان ئاچتى. شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى، ئۇنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن بىرنەرسىلەر ئېتىلىپ چىقتى.

— بۇ ترېپانگىنىڭ ئۈچەيلىرىغۇ، — دېدى تاغىل ئاسلان ھەيران بولۇپ.

بېلىق ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئۇ نەرسىلەرنى يالماپ يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭغىچە ترېپانگىمۇ قېچىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

— ترېپانگا كۈشەندىسىگە يولۇققاندا، مۇۋاپىق قورالى بولمىغاچقا، ئۈچەيىنى چىقىرىپ كۈشەندىسىنىڭ

دىققىتىنى چېچىپ، ئۆزى دەرھال قېچىپ كېتىدۇ.
— ئۇچىيىنى سىرتقا چىقىرىۋەتسە، ئۇ كېيىن قانداق ياشايدۇ، — دېدى تاغىل ئاسلان.
— بۇ بىر خىل قوغدىنىش ئۇسۇلى. بەزى ھايۋانلار كۈشەندىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا قۇيرۇقى ياكى پۇتىنى ئۆزى ئۈزۈۋېتىپ، ياكى ئىچكى ئەزالىرىنى مەقسەتلىك پۈركۈپ چىقىرىۋېتىپ ھۇجۇم قىلغۇچىنىڭ دىققىتىنى بۇرىۋېتىش ئارقىلىق قېچىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ يوقاتقان ئەزاسى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە قايتىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ.
— بۇنى بىلىمەن، — دېدى تاغىل ئاسلان، — قورۇقلۇقتىكى ھايۋانلاردىن پاتمىچۇق جىددىي پەيتتە قۇيرۇقىنى ئۈزۈۋېتىپ قېچىپ كېتىدۇ. چۈنكى، يېڭى ئۈزۈلگەن قۇيرۇقىدىكى نېرۋىلار ھايات بولۇپ، ھەرىكەت قىلىپ تۇرغاچقا، دۈشمىنىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پاتمىچۇق خەتەردىن قۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ قۇيرۇقىدا قايتا ئۆسىدىغان ھۈجەيرىلەر بولۇپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يېڭى قۇيرۇق ئۆسۈپ چىقىدۇ. قىسقۇچپاقىنىڭ پۇتلىرى قايتا ئۆسۈپ چىقىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، كۈشەندىسىگە ئۇچراپ قالغاندا ئۇ كۆپىنچە پۇتلىرىنى بوغۇمىدىن ئۈزۈپ تاشلاپ بىر قېتىملىق ئاپەتتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. كۆپ ئۆتمەي ئۈزۈلگەن يېرىدىن قايتىدىن يېڭى پۇت ئۆسۈپ چىقىدۇ. ترېپانگنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ بىلىقنىڭ دىققىتىنى بۇراپ قېچىپ كېتىشىمۇ

مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىكەن، ــ تاغىل ئاسلان گېپىنى توگىتىپ ئىختىيارسىز كۇلۇپ كەتتى.

ــ نېمە بولدى؟ ــ دېدى دېلفىن ھەيران بولۇپ، ــ كۇلۇپ كەتتىڭغۇ؟

ــ قىزىقارلىق بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ــ دېدى تاغىل ئاسلان، ــ مەن بىر كەسلەنچۈكنى كۆرگەنتىم، ئۇنىڭ ئىككى قۇيرۇقى باركەن، ئەسلىدە كەسلەنچۈكمۇ پاتمىچۇقتا ئوخشاش قۇيرۇقىنى ئۈزۈۋېتىپ ئۆزىنى قوغدايدىكەن. بەزىدە كەسلەنچۈك قۇيرۇقىنى ئۈزۈش بۇيرۇقىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن تەلتۆكۈس ئۈزۈلمىگەنلىكتىن، ئەسلىدىكى قۇيرۇقىدىن يەنە يېڭىدىن بىر قۇيرۇق ئۆسۈپ چىققانىكەن. ئاڭلىسام، مۇشۇنداق قىلىپ ئۈچ قۇيرۇقلۇق بولغان كەسلەنچۈكمۇ باركەن.

ــ ھەقىقەتەن قىزىقارلىقكەن، ــ دېلفىنمۇ كۇلۇپ كەتتى، ــ مەن...

دېلفىن گېپىنى توختىتىۋالدى. بىر نېمىدىن چۆچۈگەندەك بولۇپ، ئىسقىرتقاندەك تاۋۇش چىقاردى.

ــ نېمە ئىش بولدى؟ ــ دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان ئۇنىڭدىن.

ــ بىزنىڭ بىر قېرىندىشىمىز يارىلىنىپتۇ، مەن بۇ ئۇچۇرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھازىر ئۇ قېرىندىشىمىزغا ياردەم بەرگىلى بارالمايدىغانلىقىمنى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن ئورۇندا تۇرغان باشقا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تېزدىن ياردەم بېرىشكە ئاتلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ ئۇچۇر يوللىدىم.

ــ ئۇلار يىراق ئارىلىقتىن ئۇچۇرنى قانداق قوبۇل قىلىدۇ؟ــ دەپ سورىدى تاغىل ئاسلان ئەجەبلىنىپ.

ــ دېلفىننىڭ تېنىدە ئەكس سادا ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى بولىدۇ. دېلفىن سۇ ئاستىدا شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ خۇددى ئىنسانلار پاراڭلاشقاندەك ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچۇر ئالماشتۇرىدۇ. ئۇلجا ئىزدەش ۋە تۇتۇشتىمۇ قىينالمايدۇ، ھەتتا كۆزنى يۇمۇۋالغان تەقدىردىمۇ ئولجىسىنىڭ ئورنىنى توپتوغرا بىلەلەيدۇ،ــ دېدى دېلفىن.

تاغىل ئاسلان دېلفىننىڭ يەنە باشقىچىرەك بىر تاۋۇش چىقارغانلىقىغا دىققەت قىلدى، كەيپىياتىمۇ ياخشى ئىدى.

«ئۇنىڭ چىقارغان تاۋۇشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى كەيپىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىككەندە» دەپ ئويلىدى تاغىل ئاسلان.

ــ يارىلانغان قېرىندىشىمىزنىڭ يېنىغا بىرقانچە قېرىندىشىمىز يېتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىۋېتىپتۇ،ــ دېلفىن تاغىل ئاسلاننىڭ سورىشىنى كۈتمەيلا جاۋاب بەردى،ــ كىت تۇرىدىكى ھايۋانلارنىڭ تۇغقانلىق مېھرى كۈچلۈك بولىدۇ، ئەگەر خەتەر ياكى قىيىنچىلىققا يولۇقسا، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتىدۇ. مەسىلەن، بىرى زەخىملەنسە باشقىلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ دېڭىز ئۇستىگە چىقىرىپ نەپەسلەندۈرۈپ، جاراھەتنى ساقايغىچە داۋملاشتۇرىدۇ.

— نېمە؟ — دېدى تاغىل ئاسلان، — سۇ ئاستىدا ياشايدىغان ھايۋانلارمۇ سۇ يۈزىگە چىقىپ نەپەسلىنەمدۇ؟

— دېلفىن سۇدا ياشايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، ئۇلار گەرچە بېلىقتەك دېڭىزدا ياشىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بېلىق ئەمەس، ئۇلار ئۆپكىسى ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ. بېلىقلار ژابىراسى ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ. دېلفىننىڭ بالىسىمۇ ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈرى كۆپ، تولىسىنىڭ دۈمبىسىدە پالاقچىسى (ئۈزگۈچىسى) بولىدۇ. ئاساسەن بېلىق ۋە سىياھ بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بەزى چوڭراق دېلفىنلار باشقا دېڭىز ھايۋانلىرىنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ. ئومۇمەن، دېلفىننىڭ ئېغىرلىقى 23 ~ 225 كىلوگرام، ئۇزۇنلۇقى 1.2 ~ 4.2 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. دېلفىننىڭ ئۆپكىسى ناھايىتى چوڭ، قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ ئۆپكىسىنىڭ 1.5 ~ 2 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ.

كەچ كىردى، ئۈپۈقتىكى شەپەق نۇرى سۇ يۈزىدە ئوت يالقۇنىدەك جىمىرلاپ تۇرغان شولىلارنى قالدۇرۇپ ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى. تاغىل ئاسلاننى ئۈگىدەك بېسىپ دېلفىننىڭ دۈمبىسىگە چاپلاشقىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلەپ كۈچلۈك نۇر كۆزلىرىنى چاقىغان چاغدىلا ئويغاندى.

— سەن ئۇخلىمىغىلى بىر كېچە ـ كۈندۈز بولدى، بەك چارچاپ كەتتىڭ، ئازراق ئۇخلىۋالساڭ بولاتتى، — دېدى تاغىل ئاسلان كۆيۈنۈپ.

ــ مەن ئۇيقۇغا مۇھتاج ئەمەس، ــ دېدى دېلفىن، ــ چۈنكى، چوڭ مېڭەمنىڭ تۇزۇلۇشى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان، بۇ ئىككىسى ئالمىشىپ خىزمەت قىلىدۇ، بىر بۆلىكى ئىشلەۋاتقاندا يەنە بىر بۆلىكى ئارام ئالىدۇ.

ــ ۋاھ، نېمىدېگەن قالتىس، ــ دېدى تاغىل ئاسلان ئاپىرىن ئېيتىپ، ــ دېلفىنلارنىڭ ئاجايىپ ماھارەتلىرى بولغاچقا، كۆشەندىسى يوقتۇر.

ــ نەدىكىنى، ــ دېلفىن ئۇھ تارتىپ قويدى، ــ «غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى» دېگەن گەپ بارغۇ، دېلفىنلارنىڭ ئەڭ چوڭ كۆشەندىسى ئوركا كىتى، ئوركا كىتى دېلفىن خىلىغا كىرىدۇ، ئەمما ئۇ ناھايىتى ۋەھشىي، ئىشتىھاسى ناھايىتى زور، بىر نۆۋەتتە ئوندىن ئارتۇق دېلفىن ياكى تيۇلېننى يەۋېتىدۇ. ئوركا كىتىنىڭ ئۈچ بۇرجەك دۈمبە پالاقچىسى قەدىمكى دەۋرلەردىكى پالۋانلارنىڭ يالمانلىق نەيزىسىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئوركا كىتى دەپ ئاتالغان. تونۇگۇن يارىلانغان قېرىندىشىمىزمۇ ئوركا كىتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپتىكەن، ھېلىمۇ ئۇنىڭ تەلىيى باركەن، گەرچە زەخىملەنگەن بولسىمۇ يەنە ھايات قاپتۇ.

ــ مەن كىتقا قىزىقىپ قالدىم، ــ دېدى تاغىل ئاسلان، ــ ئەمما كىت توغرىلىق كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيدىكەنمەن.

ــ كىت دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھايۋان، ئۇ دېڭىز ـ

ئوكيانلاردا ياشايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، يېڭى تۇغۇلغان كىت باللىرى ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىدۇ، كىتنىڭ ئېمىتىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئۆزگىچە بولۇپ، ئانا كىت سۈتىنى بالا كىتنىڭ ئاغزىغا ئۆزى پۈركۈپ كىرگۈزۈپ بېرىدۇ، ئانا كىت يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنى ئىنتايىن ئاسرايدۇ، يېنىدىن پەقەتلا ئايرىمايدۇ، ئانا كىت بالا كىتنى ئادەتتە ئالتە ئاي ئېمىتىدۇ، كېيىن بالا كىت ئۆزى ئوزۇق ئىزدەپ ياشاشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. كىتلار چىشلىق كىتلار ۋە بۇرۇتلۇق كىتلار دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. كىتلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چىشلىرى بولۇپ، كۆپ ساندىكىسىنىڭ چىشى ئۇششاق ھەم ئۇچلۇق بولىدۇ، بەزى كىتلارنىڭ چىشى بولمايدۇ. لېكىن، ئاغزىدا قاتار قاتتىق تېرىلىرى بولىدۇ (ئادەملەرنىڭ تىرنىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ)، بۇنداق قاتتىق تېرىلەر كىت بۇرۇتى دېيىلىدۇ. كىت بۇرۇتى خۇددى بىر غايەت زور تارغاقتەك كىت ئاغزىدا ئېسىلىپ تۇرىدۇ. دېلفىنلار چىشلىق كىت تۈرىگە كىرىدۇ.

تاغىل ئاسلان ئۈن چىقارماي ئۇنىڭ سۆزىگە ئەستايىدىل قۇلاق سالدى.

— كىتنىڭ تۈرىمۇ كۆپ، — دېدى دېلفىن، — كۆك كىت ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ چوڭ ھەم ئەڭ ئېغىر ھايۋان، ئۇنىڭ قۇيرۇقى ئەتراپىدا بىر كىچىك دۈمبە پالاقچىسى بار، ئېغىرلىقى 150 ~ 300 توننا بولۇپ، 25 پىلنىڭ ئېغىرلىقىدىنمۇ ئېغىر، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنىڭ

ئۇزۇنلۇقى 6~7 مېتىر، ئېغىرلىقى يەتتە توننا ئەتراپىدا يەنى پىل بىلەن تەڭ كېلىدۇ. مېگاپتېرا كىتى بۇرۇتلۇق كىتلاردىن بولۇپ، «ناخشىسى» ناھايىتى يىراقلارغىچە ئاڭلىنىدۇ. بەزىدە نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرغان ھەمراھى بىلەنمۇ «ناخشىسى» ئارقىلىق پاراڭلىشالايدۇ. ئەڭ چوڭ مېگاپتېرا كىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، ئېغىرلىقى 33 توننا كېلىدۇ. ئىپار كىت (كاتودون كىتى) چوڭ تىپتىكى چىشلىق كىت بولۇپ، دۈمبە پالاقچىسى بولمايدۇ، لېكىن بىر قاتار ئۆسۈكچىلىرى بولىدۇ، ئەركەكلىرىنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى 18 مېتىرغا، ئېغىرلىقى 44 توننىغا يېتىدۇ، ئۇچىيىدە «ئىپار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر پۇراقلىق ئاجرالما ماددا بار. ئۇ ئالىي دەرىجىلىك ئەتىرلەرنىڭ خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. بېشى ناھايىتى چوڭ، چوڭ مېڭە خالتىسى بەدەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن، 3000 مېتىردىن ئارتۇق چوڭقۇرلۇقتا چۆكۈپ يېمەكلىك تۇتالايدۇ. بالېنا كىتى چوڭ تىپتىكى بۇرۇتلۇق كىت بولۇپ، كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ دۈمبە پالاقچىسى بولمايدۇ. دۈمبىسى دېڭىز يۈزىگە بىۋاستە چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ سۇ ئۈزۈشى ئاستا بولغانلىقتىن بۇرۇن كۆپ مىقداردا ئوۋلانغان. يەنە بىر مۈڭگۈزلۈك كىت بار. ئۇ ئارۋال كىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەركەك كىتنىڭ بېشىدىكى بىر تال مۈڭگۈزى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۇتتۇر چىشى بولۇپ، ئۇزۇن نەيزىگە ئوخشايدۇ. ئەركەك كىت يېتىلگەندىن

كېيىن يۇقىرىقى جاۋغىيىنىڭ سول تەرىپىدىكى قوزۇق چىشى تەتۈر يۆنىلىش بويىچە بۇرمىغا ئوخشاش سول تەرەپكە قاراپ ئۆسۈپ ھەڭگاك چىش بولۇپ قالىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى قوزۇق چىشى ئادەتتە ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، يۇقىرىقى جاۋغىيىنىڭ ئىچىدىن سىرتىغا كۆرۈنمەيدۇ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەركەك كىتنىڭ سول ۋە ئوڭ تەرەپتىكى قوزۇق چىشى ئۆسۈپ «نەيزە»سىمان بولۇپ يېتىلىدۇ. بۇنى خۇددى دېڭىزدىكى «قوش قورالىق گېنېرال» دېيىشكە بولىدۇ. چىشى كىتنىڭ ئىككى قوزۇق چىشى يۇقىرىقى جاۋغىيىنىڭ ئىچىدىن سىرتىغا چىقمايدۇ. بىر مۇڭگۈزلۈك كىتنىڭ قەدىمكى ماكانى غەربىي مۇز ئوكيان، ئۇلار توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئادەتتە بىر ئەركەك كىت ئون نەچچە كىتنى باشلاپ، ئۇزۇن چىشلىرى بىلەن مۇزلارنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. بەزىدە ئۇزۇن چىشى خۇددى يول باشقۇرغۇچى ساقچىنىڭ قوماندان كالتىكىگە ئوخشاش كىت توپىنى ئالغا يېتەكلەپ ماڭىدۇ، ئۇلار دېڭىز ئاستىغا چۆككەن چاغلىرىدا، ئۇزۇن چىشلىرى بىلەن قۇملارنى تىلغاپ يېمەكلىك ئىزدەيدۇ ياكى ئۇزۇن چىشلىرى بىلەن سىياھ بېلىق، راك قاتارلىقلارنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ يەۋېتىدۇ، ئىككى ئەركەك كىت ئۇرۇشقاندا ئۇزۇن چىشلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇزۇن چىشلىرى سوقۇشۇش قورالىمۇ بولۇپ قالىدۇ.

دېلفىن ھەر بىر تۇردىكى كىتنى تونۇشتۇرۇۋاتقاندا،

تاغىل ئاسلاننىڭ كۆز ئالدىغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى نامايان بولدى.

— كىتنىڭ قۇيرۇقى چوڭ ۋە ئېغىر بولۇپ، ئەڭ مۇھىم ئەزاسىدۇر، — دېدى دېلفىن، — كىتنىڭ قۇيرۇقى توغرىسىغا ئۆسىدۇ، كىتنىڭ توغرىسىغا ئۆسكەن قۇيرۇقىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن پۇلاڭشىشى ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە، چۆكۈش ۋە لەيلىشىگە، سۇ ئۈستىگە ئۆزۈپ چىقىپ نەپەس ئېلىشىغا پايدىلىق. ئۇنىڭ تېگىش سېزىمى ئۆتكۈر، ئۇ ھەم ئۇرۇشۇش قورالى بولۇپ، قۇدرىتى چەكسىز، كىت بەزىدە چوڭ قۇيرۇقىنى دېڭىز سۈيىگە توغرىسىغا ئۇرۇپ غايەت زور ئاۋاز چىقىرىپ ئوينايدۇ. كىتلار بىر نۆۋەت نەپەسلەنسە سۇدا 20 نەچچە مىنۇت چۆكۈپ تۇرالايدۇ. ئىپار كىت 2 سائەت ئەتراپىدا چۆكۈپ تۇرالايدۇ.

تاغىل ئاسلان ئەقىللىق بۇ دوستىنى تېخىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ مول بىلىمى ئۇنى چىن قەلبىدىن قايىل قىلماقتا ئىدى. ئۇلار سۆزلەشكەچ يەنە نۇرغۇن مۇساپىنى بېسىپ بولدى.

— خەتەرلىك، — دېلفىن تۇساتتىن جىددىيلىشىپ كەتتى، — يېقىن ئەتراپتا ئوركا كىتى باركەن.

ئوركا كىتىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ تاغىل ئاسلانمۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

دېلفىن يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى، ئۈزۈش سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلەشتى. ئۇ ئوقتەك تېز سۈرئەتتە ئۈزەتتى.

— قېچىشقا ئۈلگۈرەلىسەك ياخشى بولاتتى...

دېلفىننىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپلا كۈچلۈك ۋە قورقۇنچلۇق ھۆركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئۇ بىزنى ئالىلىقاچان كۆرۈپ بوپتۇ. ئۇ ئۇلجىغا ئېتىلغاندا دائىم مۇشۇنداق ھۆركىرەيدۇ، — دېدى دېلفىن ئالاقزادە بولۇپ، — كەچۈرگىن، سېنى قۇرۇقلۇققا ساق - سالامەت يەتكۈزۈپ قويالمايدىغان بولدۇم.

— باشقا نېمە كەلسە تەڭ كۆرەرمىز، — دېدى تاغىل ئاسلان، — كېيىنكى تەقدىرىمىز نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سەندەك بىر ياخشى دوست بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىمدىن بەك خۇشالمەن.

تاغىل ئاسلان ئارقىغا قايرىلدى، ھېلىقى مەخلۇق ئۇلارغا يېقىنلا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەن دېلفىن تەرىپلەپ بەرگەنگە ئوخشايتتى. سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرغان ئۈچ بۇرجەك دۈمبە پالاقچىسى يالمانلىق نەيزىگە ئوخشايتتى.

تاغىل ئاسلان تەقدىرگە تەن بېرىپ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ بولغاچقا ئانچە ھودۇقۇپ كەتمىدى، ئاستا يېنىنى سىلاشتۇرۇپ تېرە ئوقدانىنى ئالدى. ئوقدان ئىچىدە ئۈچ تال يا ئوقى بار ئىدى، ئۇ بوينىغا ئېسىۋالغان يانى ئالدى. بۇ نەرسىلەرنى سەپەرگە چىقىش ئالدىدا پىل سوۋغا قىلغانىدى. تەلىيىگە تەڭنە كېمە پاچاقلانغان چاغدا پەقەت مۇشۇ نەرسىلىرى ساقلىنىپ قالغانىدى.

تاغىل ئاسلان ئوقنى ئالدىرىماي تۇرۇپ ياغا سالدى. ئاندىن ئاستا ئارقىسىغا قايرىلىپ ئاغزىنى ئېچىشقا تەمشەلگەن ئوركا كىتىنىڭ كۆزىنى نىشانلاپ كىرىچىنى

قويۇۋەتتى. شۈكۈر، ئارىلىق يىراق بولمىغاچقا ئوق دەل نىشانغا تەگدى، ئۈشتۈمتۇت زەربىگە ئۇچرىغان ئوركا كىتى سۇدا موللاق ئېتىپ تولغىنىپ كەتتى. ئاندىن دەرغەزەپكە كېلىپ قايتىدىن ئېتىلىپ كەلدى. ئوركا كىتى رەقىبىنى پۈتۈن يۇتۇۋېتىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئاچقان پېتى ئۇنىڭغا ئۇچقاندەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دەقىقىدە تاغىل ئاسلان ئوقنى ئۇنىڭ قارامتۇل تېرىسىگە روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇرغان ئاپپاق بويىنىغا نىشانلاپ ئاتتى. بۇ ئوقمۇ دەل جايىغا تەگدى، ئوركا كىتى يەنە بىر قېتىم قورقۇنچلۇق ھۆركىرەپ كەتتى، سۇرئىتىمۇ ئاستىلاپ قالدى. تاغىل ئاسلان ئۈچىنچى تال ئوقنى ياغا بەتلەپ كىرىچىنى تارتقۇدەك قىلىپ تەييارلىنىپ تۇردى، ئەمما يارىلانغان ئوركا كىتىنىڭ سۈيۈر شەكىللىك بەدىنى سۇ يۈزىدە ئاستا - ئاستا غايىب بولدى.

— بولدى، ئۇ ئەمدى بىزگە قايتا ھۇجۇم قىلالمايدۇ، — دېدى تاغىل ئاسلان چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ.

— قولۇڭدىكى قانداق قورال؟ — دەپ سورىدى دېلفىن ھاسىراپ تۇرۇپ، ئۇ ھېرىپ كەتكەنىدى.

— بۇ ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى قورالى، — دېدى تاغىل ئاسلان، — يىل چەت ئەلگە يىغىنغا بارغان چاغدا بىر ئاسارە - ئەتىقە دۇكىنىدىن سېتىۋاپتىكەن، مەن سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئۇ ماڭا سوۋغا قىلغان، بۇ يەردە

ئەسقېتىپ بىزنىڭ جىنىمىزنى ساقلاپ قالارنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

— ئۇ بەكلا يامانكەنغۇ، — دېدى دېلفىن ھەيران بولۇپ.

— ئۇ زەھەر بىلەن سوغۇرۇلغان ئوق، بۇ چاغقا زەھەر ئورگا كىتىنىڭ جىنىنى ئېلىپ بولغاندۇ، مانا بۇ زەھەر بىلەن زەھەرنى قايتۇرغانلىق بولىدۇ.

دېلفىن كۈلۈپ كەتتى.

— رەھمەت، سەن جىنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، — دېدى ئۇ.

— ئاڭلىسام، — دېدى تاغىل ئاسلان، — جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا يامغۇر ئورمىنىدا زەھەرلىك شەمشەر پاقا دەيدىغان بىر خىل پاقا ياشايدىكەن. كۆپىنچىسىنىڭ بەدىنى كىچىك بولۇپ، ئادەتتە بەش سانتىمېتىردىن ئاشمايدىكەن، ئەمما تېرىسىنىڭ رەڭگى ئىنتايىن قېنىق ئىكەن، قىزىل، يېشىل، ھال رەڭ قاتارلىق ھەر خىل رەڭدىكىلىرى باركەن. ئۇنىڭ روشەن رەڭگى باشقىلارغا ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپلا قالماي، كۈشەندىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىنتايىن زەھەرلىك ئىكەنلىكى بىلەن ئاگاھلاندۇرىدىكەن. كۆركەم تېرىسىدىن زەھەرلىك ماددا ئاجرىتىپ چىقىرىدىكەن. بۇ خىل پاقىنىڭ زەھىرى ھازىرغىچە بايقالغان زەھەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، بىر گىرامىنىڭ ئون مىڭدىن بىر قىسمىلا بىر

ئادەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەلەيدىكەن، بۇ پاقىنىڭ زەھىرى بىلەن ياسالغان شەمشەر 30 ئادەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەلەيدىكەن، يەرلىك ئىندىئانلار ئۆتكۈر يىڭنە بىلەن زەھەرلىك پاقىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى ئوتقا قاقلايدىكەن، مەلۇم تېمپېراتۇرىغا يەتكەندە، پاقىنىڭ زەھەربېزىدىن سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىدىكەن، بۇ چاغدا ئوقيا، نەيزىسىنى پاقىنىڭ تېنىگە قايتا ـ قايتا سۈركەش ئارقىلىق زەھەرلىك قورال ياسايدىكەن، ئادەتتە بىر پاقىنىڭ زەھەر سۇيۇقلۇقى بىلەن 50 نەيزە ۋە ئوقيا ئۇچىنى زەھەرلىگىلى بولىدىكەن، بۇ خىل زەھەرلىك ئوقيا قوش ياكى مايمۇنلارغا تەگسە شۇ زامانلا ئۆلىدىكەن.

— ھەنىم بولسا بۇ قورال بىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى، — دېدى دىلفىن.

تاغىل ئاسلانمۇ دېڭىز ـ ئوكياننىڭ ئەركىسى بولغان بۇ ئەقىللىق دوستىنى بىر قېتىملىق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەم قىلالىغىنىدىن خوشال بولدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن قايرىلغان مەھەلىدە تاغىل ئاسلاننىڭ پۇتى ئاخىر قۇرۇقلۇققا تەگدى. ئۇلار ئايرىلىشقا قىيالماي تەستە خوشلاشتى.

«كىشىدە خەتەردىن قورقمايدىغان تەۋەككۈلچىلىك روھى بولغاندىلا ئاندىن باشقىلارنى ھەيران قالدۇرالايدىغان ئاجايىپ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ.»

تاغىل ئاسلان پۇرسەت بولسا، دېڭىز سەپىرىگە يەنە ئاتلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

**图书在版编目（CIP）数据**

爱哭泣的乌龟：维吾尔文/巴图尔·达吾提著．
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2011.7
ISBN 978－7－5371－9855－4

Ⅰ．①爱… Ⅱ．①巴… Ⅲ．①童话—作品集—中国
—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①Ⅰ 287.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2011）第 130202 号

责任编辑：**卡米拉·热合曼**
责任校对：**迪丽达尔·买买提**
封面设计：**木拉丁·阿比提**

**爱哭泣的乌龟**（维吾尔文）
（童话集）
**巴图尔·达吾提** 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路 29 号　邮编：830012）
新疆新华书店发行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
880×1230 毫米　32 开本　4.125 印张
2011 年 12 月第 1 版　2011 年 12 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN 978-7-5371-9855-4　定价：15.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد




شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5371-9855-4

9 787537 198554 >

باھاسى: 15.00 يۈەن